2001
ژىل
2 - فېۋرال
جۈمە
№ 2
(4138)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

ئاستانا. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەت ئۆيلىرى.

قازاقستان مىللىي ئىدىيەسىنىڭ بەش پرىنسىپى

يېقىندا جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۋ ئۆزىنىڭ پايتەخت ئاستانادىكى قارارگاھىدا قازاقستان مىللىي ئىدىيەسىنىڭ بەش پرىنسىپىنى بايان قىلدى.

قازاقستان رەھبىرى كوپ مىللەتلىك خەلقىنىڭ باراۋەرلىكىنى بۇ پرىنسىپلارنىڭ بىرىنچى تەركىۋى دەپ ھېساپلايدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تەركىۋى «مىللەت - بۇ قازاقستان دولىتىنىڭ پۇخرالىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا خەلقلەرنىڭ كامسىتىلماسلىقى ئۈچۈن قازاق خەلقىگە جاۋاپكەرلىك يۈكلىنىدىغانلىقىدىن» ئىبارەت بولىدۇ. باشقا خەلقلەر بولسا قازاق مىللىتىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلىشىگە نىسبەتەن چۈشەنگەن ھالدا، مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك».

ئەندى مىللىي ئىدىيەنىڭ ئۈچىنچى تەركىۋى- دىنىي جەھەتتىكى تەگلىك. «خۇدا بىر، ئەندى ئۇنىڭغا بولغان يوللار ھەر خىلدۇر»، - دەپ تەكىتلىدى نۇرسۇلتان نازارباييۋ.

مىللىي ئىدىيەنىڭ تورتىنچى تەركىۋى - خەلقتە قانۇنغا رىئايە قىلىشنى تەربىيەلەش ۋە بەشىنچى تەركىۋى - ئىختىساتتىن ئىبارەت.

قازاقستان تۇدېي ئاگېنتلىقى.

قازاقستان مۇستەقىللىقىنىڭ 10 ژىللىق مەرىكىسى ئالدىدىن

ئاستانادا قازاقستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۋنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا مەملىكەت دولەت ئورگانلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن كېڭەشمە بولۇپ ئۆتتى. كېڭەشمىدە پرېزىدېنت تەرىپىدىن جاكالانغان قازاقستان مۇستەقىللىقىنىڭ ئون ژىللىقىغا بېغىشلانغان ژىل داۋامىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ كونسېپسىيەسى مۇھاكىمە قىلىندى.

دولەت رەھبىرى «ھەممىدىن ئاۋال ئادەملەر توغرىلىق، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە ئويلاش كېرەك» ئېكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بۈگۈنكى ئاساسەن، ھەر بىر مىنىستىرلىك بىلەن ئىدارە تېگىشلىك دەۋرگە ھەرىكەت پىلانىنى ئىشلەپ چىقىشى لازىم. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر پۈتۈن پروگرامما داۋامىدا بارلىق دولەت تارماقلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا قارىتىلغان كونسېپسىيە تەييارلاندى. باش مىنىستىرنىڭ ئورۇنباسارى ئىمانغالىي تاسماغامبېتوۋ رەھبەرلىكىدە مەخسۇس كومىسسىيە قۇرۇلدى. مەجلىستە مەزكۇر كومىسسىيە كېڭەشمە ئىشتىراكچىلىرىنى ھۆججەتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن تونۇشتۇردى، ئۇ ئۈچ ئاساسىي بلوكتىن: ئۇمۇمىي مىللىي، جۇمھۇرىيەت مىقياسىدىكى ۋە خەلىق ئارا دەرىجىدىكى بلوكلارغا بۆلۈنگەن.

ن. نازارباييۋ بىيىل ھەر خىل مىنىستىرلىكلەر بىلەن مەھكىمىلەرنىڭ رەھبەرلىرى، شۇنداقلا بارلىق دەرىجىلەردىكى ھاكىملار ئۆز دىققىتىنى بەش ئاساسىي يۆنىلىشكە مەركەزلەشتۈرۈشى لازىملىقىنى بىلدۈردى. بىرىنچى يۆنىلىش ئىشسىزلىق مۇئامىلىلىرىنى ھەل قىلىش، [illegible] دۆلەت رەھبىرى «ئىنتېللېكتۇئال نەۋرىلەرگە» دىققەت بۆلدى. [illegible] قارىغاندا، «ئۆتكەن ژىلى مەملىكەتتە بىر قاتار ئۆزۈق - تۈلۈك مەھسۇلاتلىرى باھالىرىنىڭ، كوممۇنال خىزمەتلەر ۋە سالامەتلىكنى ساقلاش خىزمەتلىرىنىڭ ھەققى نوسۇپ كەتكەنلىكى تەشۋىشلەندۈرمەي قويمايدۇ».

پرېزىدېنت قويغان ۋەزىپىلەرنىڭ ئۈچىنچى بلوكى جىنايەتچىلىككە ۋە پارىخورلۇققا قارشى كۈرىشىش بويىچە چارىلەرنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

تورتىنچى بلوك سالامەتلىكنى ساقلاش ۋە مائارىپ ئىشىنى ياخشىلاشقا قارىتىلغان. بەشىنچى بلوك «ئىنسان ئاملىغا» بېغىشلىنىشى لازىم. قازاقستاننىڭ مۇستەقىللىق ژىلىدا، نازارباييۋنىڭ سوزلىرىگە قارىغاندا، تەمىناتى ناچارلارغا، ناكالارغا، باللارغا ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن يالغۇز قالغان ئادەملەرگە چوڭ كوڭۇل بولۇش كېرەك.

قازاقستان تۇدېي ئاگېنتلىقى.

ئامانگېلدى گاز كانىنى ئۆزلەشتۈرۈش بويىچە لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باشلاندى

يېقىندا قازاقستان جۇمھۇرىيىتى باش مىنىستىرىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى دانىيال ئاخمېتوۋ قازاقستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئامانگېلدى گاز كانىنى ئىشلەش - ئېچىش مەسىلىلىرى بويىچە خۇلاسە كېڭەشمىنى ئۆتكەزدى.

بارلىق مەنپىيەتدار تەرەپلەرنىڭ ئىشتىراكىدا گاز كانىنى ئىشلەش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ۋارىيانتى قارالدى. ئېيتىلغان پىكىرلەرنى، شۇ جۈملىدىن، مۇستەقىل ئېكسپېرتلارنىڭ پىكىرلىرىنى ھېساپقا ئالغان ھالدا، لايىھىنىڭ ئىختىسادىي نەتىجىدارلىقى، ئۇنىڭ جەنۇبىي قازاقستاننىڭ ئېنېرگىيە سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق ئىشلىشى ئۈچۈن زورۇر ئېكەنلىكى ئېتىراپ قىلىندى. كېڭەشمىدە لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دەرھال كىرىشىش قارار قىلىندى.

جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لازىملىق مەبلەغنىڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىش قارار قىلىندى، بۇ «كازترانس گاز» شىركىتى تەرىپىدىن لايىھىگە بۆلۈنىدىغان مەبلەغ بىلەن بىر قاتاردا، بارلىق ئىشلارنىڭ تەننەرقىنىڭ خېلە كوپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇنداق شارائىتتا يېقىنقى ۋاقىت ئىچىدىلا گاز كانىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى كېلەچەكتە مالىيە بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئىنۋېستورلارنى جەلىپ قىلىش بويىچە ئىشلار داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇددىتى موشۇ ژىلنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا ئىككى ژىلغا بەلگۈلەنگەن. 2002 - ژىلنىڭ ئاخىرىدا گاز ئىشلەش بويىچە ئۈستانوۋكىلارنى ئورنىتىش ۋە گاز پروۋودىنى قۇرۇش ئىشلىرى ئاياقلاشتۇرۇلۇشى لازىم، مەزكۇر گاز پروۋودى ئامانگېلدى كانىنى قازاقستاننىڭ جەنۇبىدىكى ماگىسترال گاز پروۋودلىرى سىستېمىسى بىلەن باغلاشتۇرىدۇ.

گاز كانلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش بىلەن بىر قاتاردا شۇنداقلا بۇ رېگىوندا گېولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى، چۈنكى بۇ يەردە تەبىئىي گاز زاپاسلىرى ئۇرغۇن، يېڭى كانلارنىڭ تېپىلىش ئېھتىمالى ناھايىتى ژۇقۇرىدۇر.

قازاقستان تۇدېي.

تۈركىيە تۈركىي تىللىق دولەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىشنى ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلماقتا

تۈركىي تىللىق دولەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى يەتتىنچى ئۇچرىشىشنى تەييارلاش بويىچە كاتىۋاتنىڭ مەجلىسىنى ئۆتكۈزۈش فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرىغا پىلانلانغان، بۇ توغرىلىق ئازىر - پرېس ئاگېنتلىقىغا دىپلوماتىك مەنبەلەردىن مەلۇم بولدى. كاتىبات مەجلىسىدە تۈركىي تىللىق دولەتلەرنىڭ ئېكسپېرتلىرى بىيىل 26 - ئاپرېل كۈنى ئىستامبۇلدا بولۇپ ئۆتىدىغان ئۇچرىشىش كۈن تەرتىۋىنىڭ ئاساسىي ئۆختىلىرىنى بەلگۈلەيدۇ.

تۈركىي تىللىق ئەللەر لىدېرلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۇچرىشىشلىرىدىكى تەجرىبىنى ھېساپقا ئالغان ھالدا، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ كۈن تەرتىۋىگە تۈركىي تىللىق دولەتلەرنىڭ سىياسىي - ئىختىسادىي رېسۇرسلىرىنى توشۇشقا باغلىق، مەسىلەن باكۇ - جېيغان نېفت پروۋودى ئوخشاش رېگىونال ئىختىسادىي لايىھىلەرگە ئىشتىراك قىلىشقا باغلىق مەسىلىلەر كىرىدۇ دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

تۈركىي تىللىق ئەللەر لىدېرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشلىرىنى مۇنتەزىم رەۋىشتە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش زورۇرىيىتىنى تۈركىيەنىڭ دولەت مىنىستىرى ئابدۇخالىق مېخمېتچاي ئۆتكەن ژىلى ئاۋغۇستتا باكۇدا ئەزەربەيجان پرېزىدېنتى گېيدار ئەلىيېۋ بىلەن ژۈرگۈزگەن مۇزاكىرىلىرى ۋاقتىدا تەكىتلىگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شۇنداقلا تۈركىيە مىنىسترى ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق س س س ر - نىڭ تۈركىي تىللىق ئەللىرى بىلەن ئالاقىلارغا، شۇنداقلا بۇ دولەتلەردە تۈركىيە تىجارىتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە كوپرەك كوڭۈل بولۇش نىيىتى توغرىلىق خەۋەر قىلغان ئىدى. تۈركىيە تەرەپىنىڭ ئىستامبۇلدا تۈركىي تىللىق ئەللەر رەھبەرلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىشنى ئۆتكۈزۈش تەشەببۇسى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

رېيتېر ئاگېنتلىقى.

ئۆزبەكىستانغا 100 مىڭ تونna قازاقستان ئاشلىقى يەتكۈزۈلۈپ بېرىلدى

ئوزۇق - تۈلۈك شىركىتى مەتبۇئات خىزمىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، 2000 - ژىلى ئوكتەبىر - دېكابىر ئايلىرىدا ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىم بويىچە شىركەت ئۆزبەكىستانغا دولەت رېسۇرسلىرىدىن 100 مىڭ تونna بۇغداي يەتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە سۈپەتلىك ئورۇنلىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىندا ئوزۇق - تۈلۈك شىركىتىگە ئۆزبەكىستاننىڭ تاشقى ئىختىسادىي ئالاقىلار مىنىستىرلىكىدىن تەشەككۈرنامە كەلدى. جۈملىدىن، ئۇنىڭدا مىنىستىر ئەلىيېر غەنىيېۋ شەرتنامە - كېلىشىمنىڭ مۇۋاپىيەقىيەتلىك ئورۇنلىشى قازاقستان بىلەن ئۆزبەكىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا پايدىلىق ھەمكارلىقنى تېخىمۇ تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ۋە كېڭەيتىشكە خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. مەتبۇئات خىزمىتى شۇنداقلا شىركەتنىڭ يەنە بىر كېلىشىمنى ئورۇنلاش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. كېلىشىم بويىچە ئىرانغا بېرىلىدىغان 100 مىڭ تونna بۇغداينىڭ دەسلەپكى 50 مىڭ تونnaسى ماڭغۇزۇلدى.

ئوزۇق - تۈلۈك شىركىتى 350 مىڭ تونna ئاشلىقنى، شۇ جۈملىدىن 100 مىڭ تونnaدىن ئۆزبەكىستان بىلەن ئىرانغا ۋە 150 مىڭ تونna ئاشلىقنى روسسىيەگە ئېكسپورت قىلىش كېلىشىمىنى تۈزگەن ئىدى. قازاقستان روسسىيە، ئىران، ئۆزبەكىستان ۋە بېلورۇسسىيەگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ.

مەرھەمەت خالىس ئىختىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802 МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк
"Центр Кредит"

مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرى

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ
خىزمەت كورسەتكەن
سەنئەت ئەربابى،
كومپوزىتور ئىكرام مەسمۇۋ.

كومپوزىتورنىڭ ئىجادىي كېچى بولۇپ ئۆتتى

ئۇيغۇر كومپوزىتورلىرى توغرىلىق سوز
قىلغاندا، ئالدى بىلەن كوز ئالدىمىزغا
قۇددۇس ئاكا غوجامياروۋ كېلىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە قۇددۇس ئاكا ئۇيغۇر
پەرزەنتلىرى ئىچىدىن بىر قاتار تالانتلىق
شاگىرتلارنى تەربىيىلىدى. مانا ئەشۇنداق
چوڭ ئۇستازنىڭ تەربىيىسىنى كورگەن
شاگىرتلارنىڭ بىرى، كومپوزىتور ئىكرام
مەسمۇۋنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر كامدىن -
كام ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى ۋاقىتتا يەتمىش
تىن ئالقىغان ئىكرام ئاكا پۈتكۈل ھاياتى-
نى، خۇددى ئۇستازىغا ئوخشاش ئۇيغۇر
سەنئىتىگە بېغىشلىدى. ئىجادىي پائالىيى-
تى ئۇيغۇر تىياتىرى بىلەن زىچ باغلىق بول-
غان ئىجاتكار «ناۋا» ئانسامبلىنىڭ تەش-
كىلچىسى ۋە دەسلەپكى بەدىي رەھبە-
رى، تىياتىرنىڭ دىرىكتورى سۈپىتىدىمۇ
مىللىي سەنئىتىمىز تەرەققىياتىغا مۇنا-
سىپ ھەسسە قوشتى.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت
كورسەتكەن سەنئەت ئەربابى، ئىكرام مە-
سمۇۋ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇرغۇنلىغان ژا -
نىرلارغا مۇراجەت قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ
«تاشۋاي» سىمفونىيەسى، «سادىر پالۋان»،
«ئىپارخان» سىمفونىيەلىك پوئېمىلىرى،
«ئانارخان» ئۇيغۇر تىياتىرى ئوخشاش مۇرەك-
كەپ ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئې-
گە. كومپوزىتورنىڭ ئەسەرلىرى تالانتلىق ئىجاتچى
قىز - سىرلىرى 50 - يىللىرى كورۇنۇشكە
باشلىغان. ئۇ دەسلەپ مەريەم سەيىتوۋا-
نىڭ شېئىرىغا يېزىلغان «گارىنگۇل» ناخشى-
سى بىلەن ئوتتۇرىغا كويلىگەن سەنئەت
مۇخلىسلىرىنىڭ نەقلىسىغا سازاۋەر بولغان
ئىدى. يېقىندا كومپوزىتورنىڭ ئىجادىي
كېچى بولۇپ ئوتتى.

ئىجادىي كەچ قازاقستان جۇمھۇرىيىتى
دولەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق كومېدىيە تىياتىرى
(دىرېكتورى قازاقستان خەلق ئارتىستى
[illegible]) تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ،
ئىكرام مەسمۇۋنىڭ «تاشۋاي» سىمفونى-
يەسى بىلەن ئېچىلدى. ئاندىن مەزكۇر
كونسېرت پروگراممىسىنى ئېلىپ بارغۇ-
چى [illegible] قازا-
مونىسىنىڭ كونسېرت زالىغا يىغىلغان
تاماشىبىنلارغا كومپوزىتورنىڭ قىسقىچە
تەرجىمە ھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى بە-
لەن تونۇشتۇرۇپ ئوتتى. شۇنىڭدىن كې-
يىن نوۋەت ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا بېرىل-
دى. سەھنىدە كويلىگەن ناخشىلارنىڭ
ئىجراسىدا ئىكرام مەسمۇۋنىڭ ناخشىلى-
رى ياڭرىدى. كومپوزىتورنىڭ خەلق ئا-
رىسىدا ئاممىباپلىققا ئايلانغان «ئىنتىزار»،
«چارس ناخشىسى»، «ئاۋۇئوم»، «شەرق
قىزىغا» قاتارلىق ناخشىلىرى ياڭرىدى.
ئاندىن ئىكرام مەسمۇۋنىڭ شائىر ئابدۇ-
مېجىت دولەتوۋنىڭ شېئىرىغا يازغان «بىر
چارە بولمايلى»، «كەلگىنە يار كەلگىنە»،
«ئەيلىمە» قاتارلىق يېڭى ناخشىلىرى بول-
سا، ئۇنىڭ ھېلىمۇ تىنماي ئەمگەك قىلىۋاتـ-
قانلىقىنى ئىپادىلىدى.

بۈگۈن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىكرام مەسـ-
مۇۋ كەبى كومپوزىتورلارنىڭ يولىنى دا -
ۋام قىلىدىغان ياشلار بارمۇ؟ بۇ سوئالغا
جاۋاپنى بىز، شۇ كۈنى كومپوزىتورنىڭ
ئىجادىي كېچىدە ئۆز ھۈنىرىنى نامايىش
قىلغان «دەرۋىشلەر» تۈركۈمىدىن تاپتۇق.
ئۇيغۇر ئېستىرادا سەنئىتىنى ۋۇقۇرى پەللە-
لەرگە كوتىرىۋاتقان تالانتلىق ياش كومپو-
زىتورلار ئادىلجان جانباقىيېۋ، دىلمۇرات
باھاروۋنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشى سوزى-
مىزگە ياخشى ئىسپات بولالايدۇ. چۈنكى
تالانتلىق ياشلار ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر قانـ-
چە زامانىۋىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۇلار
ئىجات قىلغان ناخشا - سازلار خەلق ئا -
رىسىدا ئاممىباپلىققا ئايلانماقتا.

ئاخىرىدا شۇنى قوشۇمچە قىلىش كې-
رەككى، ئىكرام مەسمۇۋنىڭ كېيىنكى
ئون - ئون بەش يىل ئىچىدىكى ئىجادى-
يىتى «ئون ئىككى مۇقام» ئەنئەنىلىرىنى
تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئۇزلەشتۈرۈش
بىلەن ئوتتى. ئۇ مىللىي مۇزىكا دۇردانى-
مىزنى تېخىمۇ بېيىتىپ، «ۋىسال» ۋە
«ئىنتىزار» ناملىق مۇقاملارنى ياراتتى.
ھەر قانداق كومپوزىتورنىڭ قولىدىن كېلە-
ۋەرمەيدىغان بۇ خىل مۇرەككەپ ژانىردا
ئەسەر يارىتىش ئارقىلىق، ئۇ مىللىي سەن-
ئىتىمىزگە چوڭ بىر يېڭىلىق كىرگۈزدى.
مەزمۇنلۇق ۋە تەسىرلىك ئوتكەن ئىجا-
دىي كەچ ئۇيغۇر تىياتىرى ئارتىستلىرىنىڭ
ئىجراسىدا ئىكرام مەسمۇۋنىڭ شائىر خېلىل
ھەمرايېۋنىڭ سۆزىگە يازغان «ۋىسال»
مۇقامى بىلەن ئاياقلاشتى.

بەختىشات سوپىيېۋ.

ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ بىر توپ ناخشىچىلىرى.

پ. ئەخمەتوۋ چۈشەرگەن سۈرەتلەر.

ئىدرىگىڭ بولسا، ھەر قانداق يەردە پاراۋەن ياشاشقا بولىدۇ

ھازىر قەيەرگىلا بارماڭ، تورت ئۇيغۇر
ۋىغىلغان يەردە ئۆز ئارا سوھبەت ماۋزۇ -
سى بېلگىيەگە ياشاش ئۈچۈن كەتكەنلەر-
گە كېلىپ تاقىلىدۇ. ھەممىنىڭ پىكرىمۇ
ھەر خىل. بىرلىرى يېقىندا بېلگىيەدىن
قايتىپ كەلگەنلەرگە ھەسەتلىشىپ بىلدۇ -
رۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەغدىرىنىڭ قان-
داق بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئۆزلىرىنىڭ
تەخمىن - مۇلاھىزىلىرىنى ئېيتىشسا، يەنە
بىرلىرى ئۇ ياقتا قالغانلاردىن كەتكەنلەر -
نىڭ كېلىۋاتقانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ھېچ
نېمىدىن خىجالىتى يوق ياشاۋاتقانلىقى
توغرىلىق كەپلەرنى قىلىدۇ.

ھەر نېمە دېمەيلى، بېلگىيە تەرەپ قا -
چاق ستاتۇسىنى سورىغانلارنىڭ دەسلەپـ-
كى ئوتتۇز ئۈچ ئادەمنى قايتۇرۇپ بۇ -
نىڭدىن كېيىن قاچاقلارنى قوبۇل قىلمايـ-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇچۇغىنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ مەسـ-
لە ئۇستىدە ياۋروپىدىمۇ خېلە بەس - مۇ-
نازىرلەرنىڭ بولغانلىقى ئېنىق. جۈملىدىن،
بېلگىيەنىڭ ئۆزىدە قازاقستانلىقلارنىڭ قاي-
تۇرۇلۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، مىتىنگـ-
لار ئوتكۈزۈلۈپتۇ. بەزى بىر غەيرى - رەسـ-
مىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە نەق
ئۇيغۇرلارنىڭ قايتۇرۇلۇشىغا قارشى چىقـ-
قان.

بىز دەسلەپكى ئوتتۇز ئۈچ ئادەم (ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ بولغانلى-
قى ئېنىقلاندى) قايتۇرۇلغاندىن كېيىن
بېلگىيە ئىچكى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ
ۋەكىلى كاتارىنا سمىتى بىلەن ئۇچراش-
تۇق. ئۇنىڭ سوزلىرىگە قارىغاندا، بېلگـ-
يەگە كەتكەنلەر ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆزلىرى-
نىڭ قازاقستاندا مىللىتى، ئېتىقادى بويىـ-
چە تەقىپلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. موشۇ-
نى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن كاتارىنا سمىـ-
تى قازاقستانغا كېلىپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ،
جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بىلەن
تونۇشتى. ئۇ توپلىغان مەلۇماتلار ئاساسـ-
ىدا بېلگىيە ھوكۇمىتى بۇنىڭدىن كېيىن
قازاقستانلىقلارنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە
ئۇلارنى قايتۇرۇش توغرىلىق خۇلاسىگە
كەلدى ۋە ۋۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يانـ-
ۋار ئېينىڭ بېشىدا دەسلەپكى ئوتتۇز
ئۈچ ئادەم قايتۇرۇلدى.

كېزىتلاردا موشۇ مەسىلە ھەققىدە ما -
تېرىياللار بېسىلغاندىن كېيىن ئاھالى ئار-
سىدا «ئەگەر بېلگىيەدە قاچاق ستاتۇسى
بېرىلمەي، ئۇزىبېلگە قايتۇرۇلسا، ئۇلار باش-
قا ياۋروپا ئەللىرىگە كېتەلەيدۇ» دېگەن
پاراڭلارمۇ تارقالدى. توغرا، ئاما قاچاق
ستاتۇسى بويىچە دۇيلىن كونۋېنتسىيەسـ-
ىنىڭ قائىدىلىرىگە بىنائەن، ئەگەر سىزگە
بېلگىيەدە ئۇنداق ستاتۇس بېرىلمىگەن
بولسا، سىزنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا باش-
قا مەملىكەتلەردىنمۇ ستاتۇس سوراشقا ھو-
قۇقىڭىز يوق. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە
چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەگەر سىزنىڭ بېلـ-
گىيەدە قېلىش مۇمكىنچىلىكىڭىز بولمىسا،
ئۇنىڭ ئارقىلىق باشقا ئەللەرگە كېتىشىڭىزـ-
مۇ كېرىكى بولمىسا كېرەك.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىش كې-
رەككى، ھازىر موشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتـ-
لىك ھەر خىل تەخمىنلەرمۇ پەيدا بولماقتا.
مەسىلەن، بېلگىيە قازاقستانلىقلارنى مەج-
بۇرىي قايتۇرۇشنى توختىتىشى مۇمكىن،
دېگەن تەخمىنلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇنى
يېقىندا مىگراتسىيە بويىچە خەلق ئارا
تەشكىلاتمۇ تەستىقلەيدۇ. ئاما ئۇلار بۇ
مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق مەلۇ-
ماتلارغا ئىگە ئەمەس. ھەر ھالدا، بىزنىڭ
ئويىمىزچە، بېلگىيەگە كەتكەنلەرنىڭ ئۇ
يەردە قېلىپ ياكى قالماسلىقى بۇ يەردىن
ئۇ ياققا ئادەملەرنىڭ بېرىشىنىڭ توختىتـ-
ىلىشىغا باغلىق.

قىسقىسى، ھورمەتلىك گېزىتخان، بېلگـ-
يە مەسىلىسى بويىچە يەزى بىر تەپسىلاتـ-
لار ئەنە شۇنداق. راستىنى ئېيتقاندا، كىمـ-
نىڭ پاراۋەن تۇرمۇش كەچۈرگۈسى، پەر-
زەنتلىرى كېلەچىكىنىڭ پارلاق بولۇشىنى
خالىغۇسى كەلمەيدۇ. ئاما ئۆزەڭنىڭ ئىد-
رىكىڭ بولسا، ئەڭ مۇھىمى خاھىشىڭ بولـ-
سا، ھەر قانداق يەردە پاراۋەن ياشاشقا،
مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپى - ئادەت، ئە -
دەبىيات - سەنئەتنى رىۋاجلاندۇرۇشنىڭ
مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسـ-
لىقىمىز ئەۋزەلدۇر.

شوھرەت مەسمۇۋ.
ئالمۇتا شەھرى.

نىشان - مەخسەتلىرى ئالدىدا

ياركەنت شەھرىدىكى «شەرق» مەھەل-
لىسىنىڭ جامائەتچىلىكى قاسىمجان
ۋەلىيېۋنى يىگىت بېشى قىلىپ سايلىغاندىن
كېيىن بىر - بىرىمىز بىلەن يېقىندىن
تونۇشۇپ، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىمىز
قويۇقلاشتى. بولۇپمۇ، ئاتا تىلىمىزدا چىقىدىغان
گېزىتلىرىمىزگە مۇشتىرى توپلاش
مەركەزلىرىدە بېرىش - كېلىشىمىز تېخىمۇ
قويۇقلىشىپ كەتتى.

قاسىمجاننىڭ ئېغىر - بېسىق مىجەزى،
مېھماندوستلىقى، كەمتەرلىكى، ۋەدىسىگە
ۋاپادار خىسلەتلىرى ئۆزىگە مۇجەسسەم-
لەشكەن. شۇ تۇپەيلى ئۇ يۇرتداشلىرىنىڭ
چوڭ ھورمەت ۋە ئىشەنچىسىگە مۇيەسـ-
سەر بولغان ئىنسان.

ق. ۋەلىيېۋ ئەسلى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ
داشكۆر يېزىسىدا 1940 - يىلى كەمبە-
غەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
يېزا مەكتىپىدە ساۋادىنى چىقارغان قاسىم-
جان ۋەلىيېۋ غۇلجا شەھرىدىكى يېزا ئې-
گىلىكى تېخنىكۇمىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ.
بىراق مەزكۇر بىلىم يۇرتىنى تاماملاپ چىـ-
قىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدۇ. يەنى
1959 - يىلى ئاتا ۋەتەننى تەرك ئېتىپ،
قازاقستان دىيارىغا كۆچۈپ چىقىشقا مەج-
بۇر بولىدۇ. پانفىلوۋ ناھىيەسىگە قاراشلىق
پەنجىم يېزىسىغا ئورۇنلاشقان ۋەلىيېۋلار
ئائىلىسى ئېگىلىكنىڭ ھەر خىل ساھالىرىـ-
دا ئىشلەيدۇ. قاسىمجان ئېگىلىكتە ئىشـ-
لەپ ژۈرۈپ، يېزىدىكى كەچكى ياشلار
مەكتىپىدە بىلىم ئالىدۇ. قولىغا شاھادەتنا-
مە ئالغان ياش يىگىت قورغاس يېزىسىدى-
كى ئىككى يىللىق يېزا ئېگىلىكى تېخنىـ-
كۇمىغا چۈشۈپ ئوقۇيدۇ. ئوقۇشنى مۇۋاپـ-
پەقىيەتلىك تۈگىتىپ ئېگىلىكتە تراكتورىـ-
ست، قۇرۇلۇشچى بولۇپ ئىشلەپ، كول-
خوزنىڭ ئىختىسادىنى كوتىرىشتە ئۆزىـ-
نىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

1975 - يىلى قاسىمجانلارنىڭ ئائىلـ-
ىسى ياركەنت شەھرىگە كوچۈپ كېلـ-
دۇ. بىر نەچچە كەسىپنى ئېگىلىگەن يېزا
يىگىتى كومۇتوناق زاۋۇدىغا تراكتورىست
بولۇپ ئىشقا كىرىدۇ. مەزكۇر چوڭ كارخا-
نىدا 1995 - يىلغىچە ئەمگەك قىلىدۇ.
موشۇ ئوتكەن ۋاقىت ئىچىدە تىرىشىپ
ئىشلەش جەريانىدا زاۋۇد كوللېكتىۋىنىڭ
ئىلغار ئىشچىلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدى.
بىراق كېيىنكى يىللىرى بازار ئىختىسادىغا
كوچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن كوپلىگەن كار-
خانىلار قاتارىدا مەزكۇر زاۋۇدمۇ ئىختىسا -
دىي بوھرانغا ئۇچراپ، ئىش پائالىيىتىنى
توختاتتى. ئۇرغۇنلىغان ئىشچىلار كېتىپ
قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاسىمجانمۇ بار
ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللە جاما-
ئەتچىلىكىنىڭ ئىشى يېتىپ تۇراتتى.

1996 - يىلى «شەرق» مەھەللىسـ-

ىنىڭ جامائەتچىلىكى قاسىمجان ۋەلىيېۋ-
نى يەكدىللىق بىلەن مەھەللىگە يىگىت
بېشى قىلىپ سايلايدۇ. مەزكۇر مەھەللە
شەھەردىكى چوڭ مەھەللىلەرنىڭ بىرى،
ئىككى يۈز ئائىلىنى ئۆز تەركىۋىگە ئالىدۇ.
مەھەللە ئۇرغۇنلىرىنىڭ مۇھتاجلىرىدىن،
تەلەپ - ئىستەكلىرىدىن چىقىش ئوڭاي
ئەمەس. بۇ ئىشنى ھەقسىز، مىننەتسىز ئاتـ-
قۇرۇش ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلـ-
ۋەرمەيدۇ. قاسىمجان بولسا بەش يىلدىن
بىرى چوڭ ئىشەنچىنىڭ ھوددىسىدىن
شەرەپ بىلەن چىقىۋاتىدۇ. ھازىر مەھەللە
ئاھالىسى ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىناقلىق، ئىتتـ-
ىپاقلىق ئۇستۈن، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى
ياخشى يولغا قويۇلغان، توي - توكۈن، نە-
زىر - چىراقلارنى ئوتكۈزۈش بىر قېلىپقا
چۈشۈپ، ئىزچىللاشتى. مەھەللە ئاھالى-
سى ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەر -
كىزى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان
چارە - تەدبىرلەرگە پائال قاتنىشىۋاتىدۇ.
باي تارىخىمىزنى، ئەدەبىيات - سەنئىتـ-
ىنى، مەدەنىيىتىمىزنى، مىللىي گېزىتلىرى-
مىزنى تەرغىپ قىلىش، مىللىي ئۆرپى -
ئادەتلىرىمىزنى تىكلەش، بېيىتىش جەھەت-
تىن قاسىمجان ۋەلىيېۋنىڭ ئېلىپ بېرى-
ۋاتقان ئىشى چوڭدۇر.

شۇنداقلا مەھەللە يىگىت بېشى يۇرتتا
ياشلار مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە كوڭۈل بو-
لۇۋاتىدۇ. ئۇ مەھەللە ياشلىرىنى ياخشى
ئىشلارغا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشقا مەسـ-
ئۇل قىلىپ، تىرىشچان، ئەمگەك سويگۈچ
ئابدۇرېشىت توختىيېۋنى سايلىدى. ھا -
زىر ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كاسسىسى بار.
ۋىغىلغان مەبلەغنى مەدەنىيىتىمىزنى رى-
ۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سوۋاپلىق - خەير-
خاقلىق ئىشلارغا خىراجەت قىلىۋاتىدۇ.

ئۇمۇمەن، ئادەملەرگە خىزمەت قىلىش-
تەك ئالىيجاناپ ئىشنى قولغا ئالغان يى-
گىت بېشى ق. ۋەلىيېۋنىڭ ئالدىدىكى
نىشان - مەخسەتلىرى تېخىمۇ چوڭ.

ئابدۇكېرىم تۇديىاروۋ.
پانفىلوۋ ناھىيەسى.

«چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىغا يوشۇرۇنغان تارىخ

رىال ھاياتقا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان رە-زىل - خۇنۇك ھادىسىلەرنى سەنئەتلىك تۈستە ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئېپىك ئېچىشتۇ-رۇپ، زىددىيەتلەرنى ئېنىق، ئۆتكۈر، ئەڭ ئاچچىق ھالدا پاش قىلىشتەك بەدىئىي ئۇ-سۇللىرىدىن بىرى ھەجۋىي قىلىش ئارقى-لىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

19 - ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبى-ياتىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى موللا بىلال نا-زىمنىڭ «چاڭموزا يۇسۇپخان» ئاملىق دا-ستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا-كى ھەجۋىي ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆل-گىسى.

شائىر ئۆز داستانىدا بەدىئىي ئەدەبىيات-نىڭ ساتىرا ئېلېمېنتىنى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساددىلىقى، نادانلىقىنى دەستەك قىلىپ، يەرلىك فېئودال كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى دىنى-دارلارنىڭ ياردىمىدە خەلقنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر زىيان كەلتۈرگەن، سىرتتىن كەلگەن غوجىلارنىڭ ئالدامچىلى-قىنى پاش قىلىدۇ.

داستان مەيدانغا كېلىشنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى: 17 - ئەسىردىن باشلاپ، 19 - ئە-سىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 200 ژىل-دىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى ھەر خىل قىيامەت ۋە ھەر خىل نا-لار بىلەن سىرتتىن كەلگەن ئال-دامچى غوجىلارنىڭ دەردىنى تولۇق تارتقانلىقى تارىختىكى ھېلىمۇ يا-دىدا.

ھىجرىيىنىڭ 967 - ژىلى (مىلادى 1560 - ژىلى) تەختكە چىقىپ، 1000 - ژىلى (مىلادى 1592 - ژىلى) ۋاپات بولغان، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاد-لىق بىلەن باشقۇرغان ئابدۇرېشىت خان-نىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىم خان خانلىقىغا ماۋەرائۇننەھردىن يەكەن خانلىقىغا كەلگەن غوجا ئىسھاق گۇرۇھى (بۇ گۇرۇھ ئۆزىنى «ئىسھاقىيە» دەپ ئا-تىغان) بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كېلىپ ... غوجا ... ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ گۇرۇھى (بۇ گۇرۇھ ئۆزىنى «ئىش-قىيە» دەپ ئاتىغان) ئوتتۇرىسىدىكى چى-قىشالماسلىقلار ئۆتكۈرلىشىپ، ئاخىرىدا بىر - بىرى بىلەن سېغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىپ-كە ئايلاندى. قارا تاغلىقلار دەپ ئاتالغان غوجا ئىسھاق گۇرۇھى بىلەن ئاق تاغلىقلار دەپ ئاتالغان مۇھەممەت يۈسۈپ گۇرۇھى ھەددى ھېساپسىز دىنىي مۈلۈك، جۈملە-دىن، ۋەخپىيەر، دۇكان، تۈگمەن، كارخانى-لارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سوفىزمغا خاس ئۇسۇل بىلەن كەڭ تۈردە مۇرت توپلاپ، «ئىبتىقات» ئۈچۈن جەڭ قىلىدى-غان قۇراللىق كۈچ تەشكىل قىلدى. ئۇلار-نىڭ ئالقىنىدىكى يەكەن خانلىقىدا يەر-لىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا كۈرىشى بارغانسىرى ئۇلغىيىپ، يېڭا تۈگمەي، خە-لىققە زور بالايىئاپەت كەلتۈردى. (81 - 315 - بەتلەر).

بۇ ئىككى گرۇھ يەكەن خانلىقىنىمۇ ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. ئابدۇرېشىت خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇللا خان قارا تاغلىق-لارنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلارنى چەكلى-دى. بۇ چاغدا قارا تاغلىقلارغا غوجا ئىس-ھاقنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (شا-دى غوجا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) رەھ-بەرلىك قىلاتتى. ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ ھاكىمى يولۋاس خان ئاق تاغلىقلارنى قوللىدى. بۇ چاغدا ئاق تاغلىقلارغا ئاپپاق غوجا رەھبەرلىك قىلى-ۋاتاتتى. ئاق تاغلىقلارنىڭ يەكەن خانلىغ-غا سىڭىپ كىرىشىدىن قورققان ئابدۇللا-خان ئاق تاغلىقلارنى قاتتىق قىرغاندىن كېيىن، ئۇرغۇن ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئوغلى يول-ۋاس خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. «ھەممە كىشى بىزار بولغان ئەھۋالدا، 1667 - ژى-لى ئابدۇللا خان تەختتىن ئامالسىز ۋاز كې-چىپ، ئەرەبستانغا ھەج قىلغىلى كەتتى». نەتىجىدە، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىق-لار ئوتتۇرىسىدا تەسىر دائىرە تالىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلار بولدى. ئاخىرىدا، 1668 - ژىلى ئاق تاغلىقلار ۋە ئەمىرلەر يولۋاس خاننى خان قىلىپ تىكلىدى. يولۋاس تە-ختكە چىققاندىن كېيىن قارا تاغلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى پاجىەلىك ئۆلتۈرۈپ قىردى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تالىشىش كۈرىشى شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى، جۇڭغار-لارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى قارىمۇ - قارشى ئىككى تەرەپنى ئۆزلىرىگە يۆلەك قىلدى. 1670 - ژىلى ئابدۇللا خاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خان بولدى. ئىسمائىل قاراتاغلىقلارنى قوللاپ، يولۋاسنىڭ ئوغۇل-لىرىنى ئۆلتەردى. ئاق تاغلىقلارنى بېسىق-تۇردى. ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپ-پاق غوجا قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، يوشۇرۇن ھالدا كەشمىرگە بېرىپ، بۇ يەر-دىن تىبەتكە ئۆتۈپ، دالاي لاما بىلەن كۆ-رۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دالاي لاما جۇڭغارلارنىڭ قونتەيجىسى غالدانغا خەت يېزىپ، ئاپپاق غوجىغا ياردەم بې-رىشنى ئېيتتى. 1678 - ژىلى ئاپپاق غوجا يول باشلاپ ماڭغان غالداننىڭ 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى مۇزارت ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئۇيغۇرلار دى-يارىغا كىردى. ئاق تاغلىق غوجىلارنىڭ پۈ-تۈن كۆچى بىلەن ماسلىشىش ئارقىسىدا غال-داننىڭ قوشۇنلىرى يەكەن خانلىقىنى ئاغ-دۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق غوجا قەشقەر-دە يەنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، قارا تاغ-لىقلارنى رەھىمسىز قىردى. گۇناھسىز ئۇن مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قېنىنى تۆكۈلدى. بۇ ھەقتە «تەزكىرەئى غوجىگان» دا «تۆ-كۈلگەن قانلاردىن تۈگمەن چۆگىلەتتى» دەپ يېزىلغان. ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغ-لىق غوجىلارنىڭ دەھشەتلىك كۈرىشى داۋاملاشقان بىر ئەسىردىن كۆپىرەك ۋا-قىت جەريانىدا، ئۇلار يەكەن خانلىغى-نى بەرباد قىلىپلا قالماستىن، قانچە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا زەمىن بولدى! قانچە مىڭلىغان ئادەملەرنى خا-نۇۋەيران قىلدى! بۇلارنىڭ ھەممىسى-گە ماۋەرائۇننەھىردىن كەلگەن غوجى-لار سەۋەبچى بولدى.

دېمەك، ئۇرغۇنلىغان غوجىلار ھەر خىل قىياپەت، ھەر خىل ناملار بىلەن ئۇيغۇرلار دى-يارىغا كېلىپ، خەلقىمىزگە ئۇنتۇلغۇسىز بالا-يۇ - ئاپەتلەر ئېلىپ كەلدى. شائىر موللا بى-لال نازىم خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن ئۆز مەنپە-ئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان، خەلقنىڭ نادان-لىقى ۋە ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، بايلىق توپلىغان، ئۆز مەخسەتلىرىگە يېتىش ئۈ-چۈن قاتىللىق قىلىشتىن يانمىغان، خەلق-قە بالايىئاپەت بولغان، سىرتتىن كەل-گەن غوجىلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى بە-دىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىيدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ غوجىلارغا بولغان ھوشيارلى-قىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈشنى تەشەب-بۇس قىلغان. بۇ مەنادىن ئالغاندا، شائىر-نىڭ «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئالاھىدە رىال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. شۇنداقلا بىلال نازىمنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئاكتۇئال مەسىلىلەرنى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، توغرا بىر تە-رەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك قىم-مىتىنى بىلگىلىمۇ بولىدۇ.

بىلال نازىم «چاڭموزا يۇسۇپخان» دا-ستانىنى مىلادىيە 1882 - ژىل 4 - يانۋار دۈشەنبە كۈنى يېزىپ، تاماملىغان. داستان-دا بايان قىلىنغان ۋاقىئەلىك شۇ چاغدىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئېيت-تىلغاندەك، ئەسەر يېزىلىشتىن 44 ژىل (1838 - ژىللىرى) بۇرۇن يۈز بەرگەن. شائىر ئۆز داستانىنى ھەقىقەتەنمۇ شۇ چاغ-دا بۇرۇن يۈز بەرگەن رىال ۋاقىئەلىك ئا-ساسىدا يازغانلىقىنى داستاندىكى ۋاقىئە ۋە ئوبرازلاردىن بىلگىلى بولىدۇ.

داستاندىكى ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ ئاتىسى مۇھەممەت كادای تارىختا ئۆتكەن رىال شەخس. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارى-غاندا، مۇھەممەت كادايدىن ئىككىسى ئىلى-غا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى «كۆچارنىڭ ھا-كىمبېگى ھادى باينىڭ مۇتىۋەرى كاداي مۇھەممەت بولۇپ، ئۇ «يوشۇرۇن ھالدا ئىلكىرى - ئاخىر ئىلىغا بېرىپ، چىڭ سۇ-لالىسى قوشۇنىنى قارشى ئالغان (81، 353 - بەتلەر) بۇ ۋاقىئە چىڭ سۇلالىسى-نىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا بولغان، يە-نە بىرى، ئۇنىڭچى قېتىم ئىلىدا خانىقا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا خەلپە بولغان كاداي مۇ-ھەممەتتىن ئىبارەت. ئارائوستەڭلىك خۇ-داقۇلى خەلپە (1814 - ژىلى ئىلىغا ھا-كىمبەگ بولغان خالزات خاننىڭ قېيناتى-سى شەھەردە سوپىلىق ئىشانلىقىنىڭ بولمى-غانلىقىنى ئەيىبلەپ، بەدەخشانلىق ئىشان شاھ ئەۋلىيانى ئالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلى-دۇ. ئەلچىلەر سوغا - سالام بىلەن بارغان بولسىمۇ، ئىشان شاھ ئەۋلىيانى ئېلىپ كې-لەلمەيدۇ. ئىشان شاھ ئەۋلىيا مۇرت ۋە تا-لىپلىرىنىڭ ئۇرغۇنلىقىنى، ئۇلاردىن بوشى-نالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ئورنىغا تې-جارەت بىلەن ئىلى تەۋەسىگە كەتكەن شاگىرتى كاداي مۇھەممەتنى كۆرسىتىپ، ئەلچىلەرگە كاداي مۇھەممەتكە قارىتىپ خەت يېزىپ بېرىدۇ. ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كاداي مۇھەممەتنى چوڭ كۆرەدىكى ئۇيغۇر دېگەندىن تېپىپ، ئىشان شاھ ئەۋلىيانىڭ خېتىنى بېرىدۇ. لېكىن كاداي مۇھەممەت: «بۇ ئىشنى پې-رىم ئۆزى كېلىپ باشلاپ بەرمىسە، مې-نىڭ ھەددىم ئەمەس» دەپ ئۇنىمايدۇ. ئەل-چىلەر قەشقەر ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، ئىشان شاھ ئەۋلىيانى غۇلجىغا ئې-لىپ كېلىدۇ. مەمىيار يۈزنىڭ يۈز بېگى ئىشان شاھ ئەۋلىياغا قول بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى باغلىق قوراسىنى خانىقا قىلىش-قا تەقدىم قىلىدۇ. ئىشان شاھ ئەۋلىيا غۇل-جىدا ئۈچ ئاي تۇرۇپ، خانىقاغا شاگىرتى كاداي مۇھەممەتنى خەلپە قىلىپ قاي-تىپ كېتىدۇ. كاداي مۇھەممەت ۋاپات بولغاندا، خۇددى داستاندا دېيىلگەندەك شەھەرنىڭ غەربىدىكى قەبرىستانلىققا قو-يۇلۇپ، بۇ قەبرىستانلىقنى «خەلپەم قە-بىرستانلىقى» دەپ ئاتايدۇ. داستاندا تىل-غا ئېلىنغان كاداي مۇھەممەت دەل موشۇ ئىككىنچى كاداي مۇھەممەت بولۇپ، ئاب-دۇشېرىپ ئاخۇن ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

داستاندا تىلغا ئېلىنغان باقى ھاكىم-بەگ شۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ ۋاقىتلىق ھا-كىمبېگى ئىدى. خوشنىزاتخاننىڭ ئوغلى خالزاتخان تاجى ھاكىم (خەلق تەيجى سۆزىنى «تاجى» دەپ قارىغان) 1818 - ژىلى ھاكىمبەگ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاق ئۇستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلالمىغانلىقتىن، شاغىبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگ) چۈشۈرۈلۈپ، باقى ئاخۇن ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ بولىدۇ. داستاندىكى ۋاقىئەلىك دەل خالزاتخان ھاكىمبەگ بول-غان مەزگىلدە يۈز بەرگەن. دېمەك، شائىر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋاقىئەنى ئاساس قىلىپ، «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىنى يېزىپ چىققان.

كلاسسىك شائىر بىلال نازىم 1882 - ژىلى يانۋاردا بۇ داستانىنى روياپقا چىقار-دى. مەزكۇر ئەسەر شائىرنىڭ 60 يېشىدا تاماملانغان. ۋاھالەنكى، ئۇ شائىرنىڭ ئۇ-زۇن ژىللىق ئىزدىنىش جەريانىنىڭ مەھ-سۇلى بولغاچقا ئۆزى بۇ ھەقتە:

بىلال بۇ زاماندا ئىبدىلەر كىچىك،
كىچىكلىكتە ئەيلەر ئىبدى پىشىك.

دەپ نەزمە پۈتكەن. قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى، داستان ۋاقىئەلىكىگە پىششىق بولغان شائىرنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى-نىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى داستانغا ئاساس سالغان. شا-ئىر «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدى-كى چەتتىن كەلگەن ئۆمەرخان غوجا بى-لەن چاڭموزا يۇسۇپخاننىڭ ئورتاقلىقى شائىرنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىدە چاڭمۇ-زا يۇسۇپخاندىن ئىبارەت ئەپسانىيەتچى، ھارام تاماق، ئەلنى قاقتى - سوقتى قىلغۇ-چى، دىنىي ئالدامچى ئوبرازىنى ئىزچىل ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىدىندۇر.

ئىشتىپ غوجام كەلگەنىنى غازىلار،
كى ئىخلاپ ئېيتىپ قىش - ياز باردىلا.
غوجاملا قولىنى قىلىپ تاۋاپ،
زىيارەت قىلىشىپ ئالىشىپ ساۋاب.
كى ئۇرغۇن كىشىلەر ئالالا چىقىپ،
يۈرەك يارغۇدەك شارى غەۋغا چىقىپ.
تامام چوڭ - كىچىكلەر قىلىپ گىريەر زار،
ئۆزىنى يەرگە تاشلاشىپ بولۇر بىقارار...
غوجامنىڭ تونىنى ئۈزۈپ تويمادى،
ئۈزۈپ تىرمالاپ ھېچ گىريە قويمادى.

«غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىدا سىرتتىن كەلگەن ئالدامچى غوجىلارنى خەلق ئەينە شۇنداق نادانلارچە داغ - دۇغىلار بىلەن كۈتۈۋېلىشقان ئىدى. ناھا-يەت، «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىدا چاڭموزا يۇسۇپخاندىن ئىبارەت ئىككىن-چى ئالدامچىنى بولسا تېخىمۇ داغ - دۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىشتى.

چاڭموزا يۇسۇپخاندىن ئىبارەت يات، مۇساپىر ئالدامچى ئىلىدا شەخسىيەت-دىن ئالقىغان ھالدا، كۈچلۈك ھۆكۈمدار - لار، قازى - كالانلارنىڭ ھىمايىسىغا ئېرى-شىپ، موللا - شەيخلەر «ئاپپاق غوجى-نىڭ تاۋىغى» غا ئۇلاشقان قەلەندەرلەر - دەك ئەتراپىغا توپلاشتى. ئۇنىڭ قانداقتۇر سېھىر - كارامەتلىرىنى بازارغا سېلىشىپ، ئەلنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتى:

كى داردامتۇر، غالىجات، دولاتۇ، ئىلى،
خوتۇخاي، ئىككى بۇغرا خەلقى خىلى.
خوتۇن - قىزلىرىنى بېرىشىپ نىياز،
بۇ چاڭموزا بىرلا دېيىشىپ راز.
ئېلىپ يۇردى چاڭموزىنى ئويمۇ - ئۇي،
كى خەلق نەزىر ئەيلەپ توكە،
ئات، قوي.

ئەسەر ئىدىيەسى ھەجۋىي خۇسۇس-يەت ۋە ساتىرىك ئېلېمېنتلار بىلەن بارا-بارا پەلسەپىۋىي پەللىگە كۆتىرىلىدۇ. ئال-دانغان ئاۋامنىڭ بۇ بۇزۇق نەپسا نىيەت-چىگە بار مۈلكىنى توكۇپ، ئات - كالىلى-رىنى بېرىپ، قىز - ئاياللىرىنى سوغا قى-لىشى ھەجۋىي تۈستە ساتىرا قامچىسى بىلەن بىر دەۋرنىڭ ئالدامچىلىقلىرىغا يەمچۈك بولغان خەلقنىڭ پاجىەلىك دۇن-ياسىنى پەلسەپىۋىي يۈكسەكلىكتە ئايان قىلىدۇ.

بۇ داستاننىڭ تارىخىي ئەينەنلىكى بىز ئىزدىگەن ھەجۋىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ تې-خىمۇ كەڭ كولەملىك ئىپادىسىدۇر. ئەسەر بەدىئىي قۇۋۋىتىدىكى ھەجۋىي خۇسۇس-يەت، ساتىرىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئەڭ كۈچ-لۈك نامايەندىسى بولۇپ، بۇ چاڭموزا يۇ-سۇپخاننىڭ پاجىەلىك تەغدىرىنى كەۋدى-لەندۈرگەن.

ئۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋاقىئە ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئابدۇشې-رىپ ئاخۇن ئىسىملىك خۇشچاقچاق ئا-دەم مال ئېلىپ، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلارغا بېرىشىدا، يولدا ئۇنىڭغا ئىككى ئادەم ھەم-را بولىدۇ، شېرىپاخۇن ئۇلارنىڭ يۇسۇپ-خان غوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئا-سىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىكەنلى-گىنى بىلىدۇ. خۇشچاقچاق شېرىپاخۇن بۇ ئىشنىڭ ئاخماقانە ھەرىكەت ئىكەنلىگى-نى سېزىپ، ئۇلارغا مۇنداق چاقچاق قى-لىدۇ:

شېرىپاخۇن ئويناپ دېدى:
ھەي كىشى،
مېنىڭ بىرلە باردۇر غوجامنىڭ ئىشى.
بېرىپ مەن غوجامنى ئۇتارمەن!
- دېدى،
كى ئەجدىھار سۈپەتلىك يۇتارمەن!
دېدى.

ھېلىقى ئىككى كىشى چاڭموزىنىڭ يې-نىغا بارغاندىن كېيىن، چاڭموزىنىڭ «شە-ھەر تەرەپتە نېمە خەۋەرلەر بار» دېگەن سوئالىغا، شېرىپاخۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلى-غانلىرىنى ژىغلاپ تۇرۇپ سوزلەپ بې-رىدۇ.

چاڭموزا «ئابدۇشېرىپ» دېگەن ئىسىم-نى ئاڭلىغاندا، ژۈرىكى ئېغىپ، رەڭگى ئۆچىدۇ. ئەسلىدە ئۆزىنى «غوجا» دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئالدامچى قوقەندىكى بىر سودا - سېتىقچى بولۇپ، شېرىپباي ئىسىم-لىك بىردىن 10 مىڭ تەڭگە قەرز پۇل ئېلىپ، قايتۇرالماي، بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلگەن ئىدى. چاڭموزا غۇلجىلىق شېرىپ باينى قوقەنلىك شېرىپ باي دەپ ئوي-لاپ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرگىلى كېتۇ دەپ قور-قىدۇ. سىرىنىڭ پاش بولۇپ، بۇ راھەتلىك تۇرمۇش، مال - دۇنيا ۋە شۆھرەتتىن ئايرى-لىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن چاڭموزا يۇ-سۇپخان شېرىپ باينى ئۆلتۈرۈۋېتىش قا-رانىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىدىن دولەتنەزەر، شەيخباقى، شەيخ مەدەكلەرنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. بۇ قولچۇماقچىلار چاڭموزىنىڭ تاپشۇرىغ-نى ئالغاندىن كېيىن، مازارغا چۈشۈپ بىر ئۆيدە مېھمان بولۇۋاتقان ئابدۇشېرىپنى تېپىپ، ماللىرىنى تاغدىكى مالچىلارغا ئا-پىرىپ ساتسا ئۇرغۇن پايدا ئالىدىغانلىغى-نى ئېيتىپ، ئۆيدىن ئالداپ ئېلىپ چى-قىدۇ. بۇ ئۈچ نەپەر قارا نىيەت يېرىم يول-غا كەلگەندە، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ بويى-نىغا سالما (سىرتماق) سېلىپ، ئاتقا سورى-تىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، تېخى-مۇ ۋەھشىلىك بىلەن ئابدۇشېرىپ ئاخۇن-نىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرى-دۇ. ئاخىرى جەسەتنى تاغ كامىرىغا يوشۇ-رۇپ، ماللىرىنى ئۈچى بۆلۈشۈپ ئېلىپ قايتىدۇ:

كى يەنچىپ بۇلار تاش بىلەن بېشىنى،
تېنى ئۈستىگە دۆۋىلەپ تېشىنى.
كى تاغنىڭ كامارىغا مەدخۇن ئېتىپ،
ئۈچى مالىنى تەقسىم ئەيلەپ ئېتىپ،

تاغ باغرىدا مال بېقىپ ژۈرگەن باللار يېشىل جەللە كېيگەن، يېشىل سەللە ئورى-غان بىر ئادەمنىڭ تاغ ئۆڭكۈرى ئالدىغا كېلىپ، نالە - زار قىلغانلىقىنى كورىدۇ. با-لىلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر تاش دۆۋىسىنى ئېچىپ، ئابدۇشېرىپ ئا-خۇننىڭ جەسىدىنى كورىدۇ. ئۇلار ئەھۋال-نى تولۇق يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، باقى بەگكە مەلۇم قىلىدۇ. باقى بەگ ئىلى چاك-جۇنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىدۇ. ئامالسىز قالغان چاڭجۇن ئەسكەر چىقى-رىپ، چاڭموزا باشلىق ۋە ئۇنىڭغا خىز-مەت قىلغان شەيخ يۈز بېشى ۋە باشقى-لارنى تۇتۇپ، كۆرەگە كەلتۈرىدۇ. چاڭ-جۇن چاڭموزا باشلىق بىر قانچە ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپ، ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنى-غا دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ بالايىئ - ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

قىسقىسى، تەركىي دۇنيا، نەپسا نىيەت-چى، ئالدامچى كۆچلەرگە بولغان ھېساپ-سىز غەزەپ - نەپرەت خەلق رايىنىڭ شائىر مۇددىئاسىدىكى ئورتاقلىق بولۇپ، خەلقنىڭ يەتكىلى بولمايدىغان ئارمىنى شائىر قەلىمى ئارقىلىق مەخسەتكە يېتىدۇ. داستان ۋاقىئەلىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەي-نى چاغدىكى رىاللىق ۋە رىالىزم ئەدەبى-يات پرىنسىپى بويىچە دەلىللىگىنىمىزدە، بۇ خەلق رايىنىڭ، شائىرنىڭ سۇبيېكتىۋ ئېڭىدا قارار تېپىشى ياكى ھەل بولۇشى دەپ قىياس قىلساق تېخىمۇ توغرا بولى-دۇ.

ئابدۇرېشىت ھېلىم ھاجى.

ئىنسانىيەت تارىخى - ھەقىقەت ئۈچۈن، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش تارىخىدۇر...

ئۇيغۇرلار - ئاسىيا قىتئەسى بويىچىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئەسىرلەرنىڭ يېتۈك ئەقىل - پاراسىتى ھەم سوغۇلماس تالانتى بىلەن ئەجايىپ مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان خەلق.

ئۇيغۇرلار، كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدە 8 قېتىم ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ، مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە ياشىغانلىقى مۇيەسسەر بولالىغان. پەن - مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ 400 دىن ئارتۇق كلاسسىك ئەدىبلىرى ۋە ئالىملىرى بار. ئۇلار خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش چاقناپ تۇرىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابلىرى، يۈزلەپ، مىللىي قەھرىمانلىرى مىڭلاپ سانىلىدۇ. موشۇلارنىڭ ھەممىسى - بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەقىل - پاراسەتلىك، غەيرەت - شىجائەتلىك، ھەم ئاتاقلىق ھەم سۆباتلىق، مىللىي غۇرۇرى ئۈستۈن، جەڭگىۋار مىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ توغرىلىق ۋەتەندە بولۇپ، چەت ئەللەردە بولۇپ كۆپ سۆزلەندى ۋە كۆپ يېزىلدى.

بۇ ئەھۋال، ياشلىرىمىزدا ئۆز مىللىتى بىلەن پەخىرلىنىش ھىسسىياتىنى قوزغاش بىلەن بىللە، «بىز - قالتىس مىللەت ئىكەنمىز» - دەپ، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ، ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئىنتىلمەيدىغان، پاسسىپلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق كەيپىيات - مىللىي ئازاتلىق ئىنتىلىشلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىسىز، ساغلام ئويلىماي تا. بىزنىڭ ئالدىمىزدا كۈچلۈك دۈشمەن تۇرىدۇ. بۇ دۈشمەننى يېڭىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز ئۆزىمىزدىكى مەنىۋىي ئاجىزلىقلارنى يېڭىشىمىز كېرەك. مىللىتىمىزنى مەنىۋىي جەھەتتە ساغلام مىللەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئەمما مەن پۈتۈن مىللەتنى ئەيىپلىگەندە ئەمەس، مەن ئۆزۈم سۆيگەن مىللىتىمنى «يامان» دېيىشتىن يىراقمەن. پەقەت، ئۆز مىللىتىمنى روھىي جەھەتتە ساغلام، ئازاتلىق يولىدا كۈرەش قىلىشقا قابىل، جەڭگىۋار مىللەت سۈپىتىدە كۆرۈشنى خالايمەن.

* * *

ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ قارايدىغان بولساق، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىلىرى نەزىر - چىراق، توي - توكۈنلەردە، ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، ئالدىغا قويۇلغان نازۇ - نېمەتلەرنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشىپ، قىزىق پاراڭ ۋە كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن، ۋاقتىنى چاغ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەرتە - كەچ مەسچىتلەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلىشىپ، شۇ بىر كۈنلۈك ھاياتىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا، ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئوتتۇرا ياشلىقلىرىمىز: كۈندۈزى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى، خىزمەت ياكى كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈپ «دۇنيا چېمپىيوناتى»نى تاماشە قىلىشىۋاتقانلىقىنى، ئايدا بىر قېتىم «كومپانىيە»ئەزالىرى جەم بولۇشۇپ، مەشرەپ ياكى زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋاقتىنى چاغ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ياشلىرىمىز بولسا، كۈندۈزى ئوقۇشتا ياكى ئىشتا بولسىمۇ، كەچقۇرۇنلىقى دىسكوتېكا ياكى تانسخانىلەرگە بېرىپ، زامانىۋىي «روك» مۇزىكىسىغا ئويناپ «كوچا سەيلىسى» قىلىشىپ، خوشال كەيپىياتتا ياشاپ، ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز!..

شۇنداق قىلىپ، چوڭ - كىچىك ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا كۆڭلى خۇش، ھېچبىر غەمسىز ھايات كەچۈرۈۋاتماقتا!

ئەسلىدە بولسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئۇنچە مەز بولغىدەك دەرىجىدە ئەمەس، تەقدىرىمىز ناھايىتى ئېغىر، بىر مىللەت بىز. بىراق، ئۆزىمىز - نادان، روھىمىز ئۆلۈك، دىلىمىز ئەما بولغىنىمىز ئۈچۈن، بېشىمىزغا چۈشكەن پالاكەتنىڭ ئېغىرچىلىقىنى سەزمەيۋاتىمىز، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىمەيۋاتىمىز!

ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئويلاپ باقايلىچۇ: بۈگۈن بىز ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىمىزدە ھوقۇقسىز قۇل. مىلليونلىغان ياشلىرىمىز ئىشسىز - ئاشسىز. يۈز مىڭلىغان ئوغۇل - قىزلىرىمىز - زىندانلارغا بەنت، خۇددى قۇشخانىغا ئەۋەتىلگەن مالدەك خالىغانچە ئېلىپ چېقىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ! پاك - مەسۇم قىزلىرىمىز ئىچكى خىتايدىكى پاھىشەخانىلارغا سېتىلىپ، خىتايدىن ئېشىپ، چەت ئەللىكلەرگە خوتۇن بولۇۋاتىدۇ! ئانىنىڭ قوسىغىدىكى بوۋاقلار دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، تىرىك تۇغۇلغانلىرى ئوكۇل سېلىنىپ ياكى قايناق سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ!

ئەندى، چەت ئەللەردە، شۇ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيە دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولسا، بۇ ئەللەردە مۇساپىر، كەلگىندى ئىنسانلار ھېسابلىنىپ، يەكلىنىۋاتىدۇ.

ھەي، ئۇيغۇرۇم! سەن ئۆز ۋەتىنىڭدە ھوقۇقسىز قۇل، چەت ئەللەردە مۇساپىر. خورلانغان مىللەت سەن! دۇنيادا سېنىڭدەك ھوقۇقسىز، ھىمايەسىز مىللەت يوق! شۇڭا سەن باشقا مىللەتلەردەك، غەمسىز، ئويناپ - كۈلۈپ ۋۇرمەي قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدىشىڭ كېرەك.

بىراق، سەن نادان، جاھىل، ئىنسان بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۆزەڭنىڭ پالاكەتلىك ئەھۋالىڭنى سەزمەيۋاتىسەن، نېمە سەۋەپتىن موشۇ پاجەلىك تەغدىرگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىغىڭنى بىلمەيۋاتىسەن. بۇ تەغدىردىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالمايۋاتىسەن! بىلىپ قوي، سېنىڭ ھەممە بەختسىزلىگىڭ ۋەتەنسىز - ئانىسىز بولۇپ قالغانلىغىڭدا!

ۋەتەندىشىڭ شوھرەت ھوشۇر يازغىنىدەك: ۋەتەننى چىن يۈرەكتىن سۆيەلمىگەنلىكىڭدە. - «ھەر قانداق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى - شۇ ۋەتەننىڭ بىر پارچىسىدۇر. يەنى ۋەتەن تۇپرىغىدىكى سۇ، ھاۋا، ئوزۇقلۇقتىن تورەلگەن ۋۇجۇتتۇر. ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، چۈنكى، ۋەتەن - ئىنساننىڭ رىزىق تاۋىغىدۇر. ئىنسان موشۇ تاۋاقتىكى رىزىقتا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، چۈنكى، ۋەتەن - ئىنساننىڭ ئۆيىدۇر. ئىنسان موشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە دەم ئالىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ، ئىسسىق - سوغىدىن پانالىنىدۇ. ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى ۋەتەن - ئىنسان ئۈچۈن تەۋەررۈكتۇر. ئۇنىڭدا ئاتا - بوۋىلارنىڭ ياققان چىرىغى، مۇقەددەس مازارى باردۇر. ئىنسان - ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى ۋەتەن - ئىنسانغا ئامانەتتۇر. ئۇنىڭدا كەلگۈسى ئەۋلاتلارنىڭ رىسقى، ھاياتى ۋە بەخىت - سائادىتى باردۇر!

دېمەك، ۋەتەن - ناندۇر، ۋەتەن قاندۇر، ۋەتەن - جاندۇر، ۋەتەن ئىماندۇر! ئىنساننى تۇغۇلىشىدىلا باغرىغا ئېلىپ، ئىسسىق قۇچىغىدا پەپىلەپ ئوستۇرىدىغان، ئۆلگەندىمۇ ئۆز باغرىغا ئالىدىغان بۇ مۇقەددەس تۇپراقنىڭ ئەڭ توغرا سۆيىتى: ئانىدۇر، بۇ - ئانىلارنىڭمۇ ئانىسى، تا، قىيامەتكىچە ئولمەيدىغان تىرىك ئانىدۇر!»

شۇڭا، مۇستەقىل ۋەتىنىدە ياشاۋاتقان ئادەم - ئانىنىڭ قۇچىغىدا غەمسىز ياشاۋاتقان بەختىيار بالىغا ئوخشايدۇ. بۇ قۇچاقتا ئۇنىڭغا ئوزۇق بار، ھارارەت بار، بېقىش - پەپىلەش بار. مۇستەقىل ۋەتىنى بولمىغان ئادەم - كوچىدا تېنەپ ژۈرگەن ئىشتتەك قەدىرسىز، خور ئىنساندۇر (مەيلى ئۇ باي بولسۇن ياكى گاداي - بەرىبىر!) شۇنداق ئىكەن، ھەر - بىر ئىنسان ۋەتىنىنى سويۇشى كېرەك. ۋەتەننى سويۇش - ئالىجاناپلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، نورمال بىر ئىنسانلىقنىڭ ئىپادىسى - خالاس! - خوش، ۋەتەننى ئانا دېدۇق، ئۇنداق بولسا، ئىشغالىيەتتىكى ۋەتەنچۇ؟ - ئىشغالىيەتتىكى ۋەتەن - باسقۇنچىغا دۇچ كەلگەن ئانىغا ئوخشايدۇ. مۇستەملىكە - بەختى كاژ ئانا، مۇستەملىكچى - ۋەھشى باسقۇنچى تىمسالىدۇر، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە خىتاينىڭ مىللىي ئاسسىملەتسىيە سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەش - ۋەتەن ئانىنىڭ نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن كورسىتىۋاتقان قارشىلىغى! ئىشغالىيەتتىكى ۋەتەن - باسقۇنچىغا دۇچ كەلگەن ئانا بولغانلىغى ئۈچۈنلا- ئافغانلار دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيە ھېساپلانغان روسسىيە ئارمىيەسىگە قارشى كوكرەك كېرەلىدى! ئىشغالىيەتتىكى ۋەتەن - باسقۇنچىغا دۇچ كەلگەن ئانا بولغىنى ئۈچۈن، چېچەنلەر، روس تانكىلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنى ئاتالىدى! ئىشغالىيەتتىكى ۋەتەن - باسقۇنچىغا دۇچ كەلگەن ئانا بولغىنى ئۈچۈن - پەلەستىنلىكلەر، بوسنىيەلىكلەر كۈرەش مەيداندا بەدەل سۈررۈشتە قىلىپ ئولتارمىدى!

ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئانىمىز - ئۇيغۇرستان قانداق ئەھۋالدا؟ جاۋاپ بېرىشكە ۋىجدانىمىز ئۆيۈلىدۇ!

توغرا، بىزنىڭ ئانىمىز پاجەلىك قىسمەتكە دۇچ كەلگەندىن بېرى، پەرزەنتلىرى ئىچىدە، كوكسىنى قالقان قىلىپ، بۇ ئانىنى ھىمايە قىلغانلار، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، شېھىت بولدى: يەھيا غوجا، ئىپارخان، جاھانگىر غوجا، ياقۇپبەگ، سۇلتان ئەلا، غوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللا، ئەخمەت ئەپەندىلەردىن تارتىپ، بۈگۈنگىچە ۋەتەن ئانىنى قۇتقۇزىمەن - دەپ ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان مىللىي قەھرىمانلىرىمىز - ئەينە شۇ خىلدىكى ئالىجاناپ ئىنسانلار جۈملىسىدىندۇر.

ۋەتەن ئانىسى، مىللىتى خورلىنىۋاتسا، شۇنى خورلۇق - دەپ ھىس قىلماي، ھايۋانلاردەك يەپ - ئىچىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى بەختلىك - دەپ ئوتكەن شەخسلەرمۇ بولدى. تارىختىن مىسال ئالساق: ئىمىن ۋاڭ، غازى بەگ، نىياز ھېكىم، بۇشۇر بەگلەر، ئۇلار كىتاپ تىلى بىلەن ئېيتقاندا - مۇناپىقلار، خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىمانسىز خۇمسىلاردۇر.

دۈشمەننىڭ شۇنچىلىك ۋەھشىلىكلىرىگە قارىماي، سويۈملۈك ئانىمىز - ئۇيغۇرستان تېخىچە دۈشمەنگە تەسلىم بولماي، ئۆز مەۋجۇتلىغىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن، بۇ شان - شەرەپ ھەممىدىن ئاۋال، قەھرىمان، كۈرەشچان خەلقىمىزگە، يۈز يىللار بويى ئالدىنقىلىرىنىڭ ئىزىنى كەينىدىكىلىرى بېسىپ، مىللىي ئازاتلىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، مۇجاھىتلىرىمىزغا مەنسۈپ!

ئەپسۇسكى، بۈگۈن بىز ئۆزىمىزنى تازا ۋىجدان، كامىل ئىمان ئىگىسى - دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى بىز بۈگۈنگىچە ۋەتەن ئانىمىزنى باسقۇنچىنىڭ ئىپلاس پەنجىسىدىن قۇتقۇزالمىدۇق. بۇ ئانىمىز ھېلىمۇ ياۋۇز دۈشمەن تەرىپىدىن تارتىشلانماقتا: گاھ ئۇرۇپ - ھوشسىزلاندۇرۇپ، گاھ سىلاپ - سىپاپ ئالدانماقتا! بۇ ۋىجدانلىق ئانا بولسا، باسقۇنچىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەكتە، كاچىتىغا سالماقتا! - «قېنى سىلەر، ئوغۇللىرىم، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!»- دەپ پەريات قىلماقتا! بۇ ئانىنىڭ دەردىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالىم بولۇش شەرت ئەمەس: ئانىسىنى تونۇيالىغىدەك ئەقىل، ئانىمىغىدەك ۋىجدان بولسىلا كۇپايە!

ئىنساننىڭ ئىنسانلىغى - ئۇنىڭ جىسمىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىدا. ئۇ، ئىنسانلىق روھى بىلەن باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرىقلىنىدۇ. شۇڭا ئىنسانىي بەركامالىق - ساغلام تەن بىلەن ئالىيجاناپ، پاكىز روھنىڭ قوشۇلۇشىدۇر. ئادەم - ئېتىقاتسىز، غايىسىز، سويگۈ - مۇھەببەتسىز ھايات كەچۈرسە بولمايدۇ. شۇڭا، بۈيۈك مەرىپەتچىمىز ئابدۇقادىر داموللام: - «ئىنسان - دۇنياغا ياشاش ئۈچۈن كېلىدۇ. لېكىن بۇ ياشاش - غايىلىك، مەنىلىك بولۇشى لازىم» دەپ ئېيتقان ئىدى. بۇ ئىنتايىن توغرا، چۈنكى، ئىنسان غايە ۋە ئۈمىت بىلەن ياشىغاندىلا - ھايات ئۇنىڭغا قىزىق ۋە مەنىلىك تۇيۇلىدۇ. غايە ۋە ئۈمىتتىن ئايرىلغان ھايات - خۇددى توختام سۇغا، ئۆمۈر بولسا، لەيلەپ ژۈرگەن يوپۇرماققا ئوخشاپ قالىدۇ! دۇنيادا ئارمانسىز ئادەم بولمايدۇ، بىراق، ئارماندا ئارمان بار. ئۇلۇق ئادەملەر- ئۇلۇغۋار ئارزۇلار بىلەن ياشايدۇ: پۇچەك ئادەملەر- پۇچەك ئارزۇلار بىلەن ياشايدۇ، پەرىق مانا شۇ! بىزچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، پىداكارلىق، ساپ نىيەتلىك، ئالىيجاناپلىق، سادىقلىق كەبى ئېسىل خىسلەتلەر - ھاياتنىڭ مىزانى بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ياشىغان ھاياتنىڭ قىممىتى بولىدۇ. ئەندى ئىنقىلاپچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ ئېغىرراق، ھەر - بىر ئىنقىلاپچى - ھەممىدىن ئاۋال ئىنقىلاۋىي غايىگە ئىگە بولۇشى شەرت. تارىخنىڭ، ئوزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ موشۇ ئەۋلاتقا نېمە تەلەپ قويۇۋاتقانلىغىنى دۇرۇس چۈشىنىشى كېرەك. (تارىختا ھەر - بىر ئەۋلاتنىڭ ئوز ۋەزىپىسى بولىدۇ) ئەشۇ چۈشەنچىگە تايىنىپ، مەن كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ ھاياتتا قايسى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىم، قايسى مەخسەتكە يېتىشىم كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئېڭىدە ھەل قىلىپ، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت، مەخسەت - نىشان ئېنىق بولغاندىلا، ئاندىن ھاياتنى توغرا ئىزغا چۈشەرگىلى بولىدۇ.

تارىخ - بىز موشۇ ئەۋلاتقا ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسىنى ژۈكلىگەن. بىز ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئارتۇق شان - شەرەپلىك ۋەزىپە يوق.ئۇيغۇرستاننىڭ قاچان ئازات بولۇشى - تارىخى شەرت - شارائىتلارغا باغلىق.بىراق، موشۇ مەخسەت يولىدا كۈرەش قىلىپ ياشاش - ئۇلۇق بەخت - سائادەتدۇر! دېمەك،بىزنىڭ غايىمىز ئېنىق، ئۇ: ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىغى، مىللەتنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت! مانا بۇ - بىزنىڭ غايىمىز، بىزنىڭ ياشاش مەخسىتىمىز. ئەگەر، ئىنساندا موشۇنداق ئالىيجاناپ ئىنقىلاۋىي غايە بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى، ياشاشنىڭ مەنىسى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى - نىشاندىن ئاداشقان كېمىدەك بىھۇدە لەيلەپ، مەنىسىز ئوتۈپ كېتىدۇ.

- ئەگەر، مېنىڭ پائالىيىتىم: ۋەتىنىمنىڭ مۇستەقىللىغى يولىدىكى ئۇلۇق كۈرەشكە بىر ئۈلۈش قوشالمىسا، مەن ئۆز ھاياتىمنى مەنىسىز دەپ ھېساپلىغان بولاتتىم! - ھەر بىر ئىنقىلاپچى موشۇنداق ئېنىق غايىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. غايە ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئەشۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسى ئالغا قويۇلىدۇ. كۈرەش بولسا، مەخسەت يولىدا ھەممىنى قۇربان قىلالايدىغان پىداكارلىق روھنى، ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتەلەيدىغان پولات ئىرادىنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر يازغىنىدەك: «ۋەتەن مۇھەببىتى سىزدىن قۇربان بېرىشنى، سىز ياخشى كورگەن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر قۇربان بېرەلىسىڭىز، مۇھەببەتنىڭ سىزگە قويغان تەلۋىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز.»

ئۆزى ئىنقىلاۋىي غايىگە ئىگە بولماي تورۇپ (ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىماي تۇرۇپ) ئىنقىلاۋىي سەپكە قاتناشقان كىشىلەر - بۇ سەپكە تەساددىيى كېلىپ قالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھېچ ۋاقىتتا تۇراقلىق ئىنقىلاپچى بولالمايدۇ. ھامان بىر كۈنى سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ. ياكى يارامسىزلىغى ئىسپاتلىنىپ، شالاپ چىقىرۋېتىلىدۇ!

ھەقىقىي ئىنقىلاپچىلارنىڭ نەزەرىدە: كۈرەش- پىداكارلىق - ئىرادە. بۇلار بىر پۈتۈن چۈشەنچە. كۈرەشتە پىداكارلىق ۋە ئىرادىنىڭ مۇھىملىغى توغرىسىدا پىشقەدەم زاتلار كوپ تەكىتلىگەن ھەم ئوز ئەمەلىيتى بىلەن قەھرىمانلىق ئۈلگىسىنى كورسىتىپ بەرگەن:

- «ھاياتنىڭ ماھىيىتى - كۈرەش، ئۆز تەغدىرى، ئۆز ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلالمىغان خەلق - ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ، يوقىلىشقا يۈز تۇتىدۇ» (ھىرودوت).

- «بىر مىللەت، باشقىلارنىڭ قۇلى بولۇپ ياشىغىنىدىن كورە - ئۆلگىنى مىڭ ئەۋزەل» - (مۇستافا كامال).

- ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى - ھەقىقەت ئۈچۈن، ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش تارىخىدۇر. كۈرەشسىز ۋە قۇربانسىز ئازاتلىققا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس»- (ئە . قاسىمىي).

- «مۇستەقىللىق - ئۇ ھەم پىداكارانە ھەم ئەقىلانە كۈرەش قىلالىغان مىللەتنىڭ ھەققى».

- «ئۆز ۋەتىنىڭنىڭ ۋاقىتلىق ئەمەس بەلكى مەڭگۈلۈك شان - شوھرىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشساڭ - ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بەخت بولمايدۇ» - (ن. چېرنىشېۋسكىي).

- «ئازاتلىقنى ھېچ كىم بىزگە ھەدىيە قىلىپ بەرمەيدۇ. ئۇنى بىز كۈرەش قىلىپ، بەدەل بېرىپ، تارتىۋېلىشىمىز كېرەك» - (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر).

- «ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەشتىلا ئادەم بەختلىك بولىدۇ» (بىلال ئەزىزى).

- «ئىنقىلاۋىي ئەدىپلەر ئەلۋەتتە ئىنقىلاپ بىلەن بىللە ياشىشى كېرەك. ئىنقىلاۋىي ھىسسىياتنى دايىم ئۆزىگە ھەمرا قىلىشلىرى كېرەك.» (لۇشۈن)

- «يازغۇچى-مىللەتنىڭ ئەقلى،ۋىجدانى ھەم نومۇسى» (م.گوركىي).

- « ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان ئالىمنىڭ، يازغۇچىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئادالەتسىز، ناھەقلىق ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان يازغۇچى - ئۇ خەلقنىڭ ۋىجدانى ئەمەس، ئۇنىڭ بەدىنىگە ئورنىشىپ قالغان ئوق پارچىسىدۇر»، «بىر زىيالى، فىزىكا ياكى خىمىيەدىكى بىر قانۇنىيەتنى بىلمىسە، ئۇ - ئەيىپ ئەمەس، ئامما ئۆزىنى بېقىپ ئوستۇرگەن ئانىسى - مىللىتىنىڭ دەردىنى بىلەلمىسە، بۇ - ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر» (نۇرەلى قابۇل).

- ھازىر ھەقىقىي مەنادا ئىنقىلاپ بولۇۋاتىدۇ. شائىرلار سۈنىڭ ئېقىمىغا قارشى ئۈزۈشىمىز كېرەك. مەيلى، بۇ يولدا قىينىلايلۇق، يەكلىنىپ قالايلۇق، بىر كۈن كېلىپ، ھەق ئىشىمىز بەرىبىر غەلىبە قىلىدۇ!» (رەسۇل غامزاتوۋ).

ھازىر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز خاراپلاشقان، خەلقىمىز ھوقۇقسىز، قاششاق، نادان ھالەتتە بولسىمۇ، بىز كۈرەش قىلىپ، باسقۇنچى دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئېلىمىز مۇستەملىكچىلىك - قۇللۇق زەنجىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئازات، گۈزەل ئەل بولىدۇ. شۇ چاغدا بۈگۈنكى پۇغانلار شاتلىق بىلەن، ژىغىلار خوشاللىق كۈلكە بىلەن ئالمىشىدۇ، ئۇ گۈزەل كۈنلەر ژىراق ئەمەس!

چولپان تۇرسۇن.

يېڭى كىتاب

«ئىپچىنىش چاقىرىغى»

يېقىندا «ۋالىن» ـ «ئەلىم» نەشرىياتىدىن ياز-غۇچى ئابدۇكېرىم غەنىيېۋنىڭ «ئىپچىنىش چاقىرى-غى» ناملىق كىتاۋى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇئەل-لىپنىڭ سابىق كېگەش ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى مە-سىم ياقۇپوۋقا بېغىشلىغان «بىر دەقىقە ۋە مەڭگۈ-لۈك» ناملىق پوۋېستىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى، 1937 ـ 39 ـ ژىللاردىكى تەقىپلەس قۇرۇۋانلىرىنىڭ ھاياتى-غا بېغىشلانغان قىسسىلىرى، ئاتاقلىق يازغۇچى ـ شائىرلار ـ سەبىت مۇقانوۋ، مۇختەر ئەۋېزوۋ، جامال بوساقوۋ، ھېزمەت ئابدۇللىن، خېلىل ھەمرايېۋ ۋە ئىل-يا ـ بەختىيالارنىڭ ئۆمرى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلى-رى توغرىلىق خاتىرىلىرى ئورۇن ئالغان.

شائىر ئا. غەنىيېۋنىڭ يەنە بىر كوزگە چۈشىدىغان ئەسەرلىرى ـ ئۇنىڭ ئاخىرقى ژىللاردا يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلىق رىۋا-يەتلىرى ئاساسىدا يازغان «قەلبىنۇر ۋە ئوغلان با-تۇر»، «جاھان شاھ ۋە مەلىكە پەرى»، «ئازناۋۇر ۋە شەمشىنۇر» ناملىق كەڭ كولەملىك داستانلىرىدۇر.

بىزنى خوشال قىلىدىغان يەنە بىر نەرسە شۇكى، مۇئەللىپ قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇق كلاسسىك شائىرى ئاباي قۇنانبايېۋنىڭ ئەقلىيا سوزلىرىنى تولىغى بى-لەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئوز كىتاۋىغا كىر-گۈزگەن.

شەمشىدىن ئايۇپوۋ.

ئەشرىياتلار توھپىسى



مەلۇمكى، 1991 ـ ژىلى ئالمۇتىدا «غىلىم» نەشرىياتىدىن رۇس تىلىدا «كراتكايا ئىستورىيا ئۇيگۇ-روۋ» («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى») دې-گەن ئىلمىي ئەمگەك قازاقستان س س ر پەنلەر ئا-كادېمىيەسى ھۇزۇرىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستى-تۇتى تارىخ بولۇمىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى ۋە موس-كۋا، لېنىنگرادلىق ئالىملارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن نە-شر قىلىنغان ئىدى. بۇ كىتاپنىڭ مۇئەللىپلەر كوللېك-تىۋى: ك. م. ئىسخاقوۋ (كىرىش سوز)، ب. ئا. لىت-ۋىنسكىي، ت. ئا. شېركوۋا (1 ـ 2 ـ باپلار)، ل. ئا. بورروۋكوۋا (3 ـ باپ، 1 ـ پاراگراف)، ك. م. ئىسخا-قوۋ(3ـ باپ، 2 ـ، 4 ـ، 5 ـ، پاراگرافلار)، س. ك. كلياشتورنىي (3 ـ باپ، 2 ـ، 3 ـ پاراگرافلار) پ. ئا. لىتۋىنسكىي (3 ـ باپ، 5 ـ پاراگراف)، د. ئا. ئىسىيېۋ (4 ـ باپ)، م. ئى. ئېرزىن (5 ـ باپ)، د. ئا. ئىسىيېۋ (6 ـ باپ، 1 ـ پاراگراف)، ئا. ش. قا-دىربايېۋ (6 ـ باپ، 2 ـ پاراگراف) بولۇپ، مەسئۇل مۇھەررىرلىرى قازاقستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيە-سىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى غ. س. سەدۋاقاسوۋ ۋە تا-رىخ پەنلىرىنىڭ نامزىتى ك. م. ئىسخاقوۋلار. مەز-كۇر كىتاپنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سوۋېت شەرقشۇناسلىقىدا تۇنجا قېتىم قەدىمىي زا-

ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

ماندىن 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە بولغان دەۋر-نى ئوز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تار-خى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار دەۋرىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى كورسىتىل-مەي، ئىپتىدائىي ـ جامائە تۈزۈمىنىڭ تارىخى، سىن-پىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كېڭىيىشى تەتقىق قىلىنغان.

كىتابتا شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئېتنىك تارىخى مەسىلىلىرى تەپسىلىي ئەكس ئەت-تۈرۈلگەن، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دولە-تى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تەش-كىلىي شەكىللىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن.

ھەر بىر خەلقنىڭ تارىخى ئوز ئالاھىدىلىگە ئىگە نادىر تارىختۇر. [illegible] ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىبارەت تەكرارلانماس خۇ-سۇسىيەتلىرى ۋە ماددىي مەدەنىيىتى، تىلى شەكىل-[illegible] چوڭ ۋە كىچىك خەلقلەر بولمايدۇ، ئۇ ياكى بۇ ئېتنوسنىڭ سانى ـ بۇ ھەل قىلغۇچى ئامىل ئە-مەس، [illegible] لۇپ، ئۇ مىللىي ئاڭ سېزىمىنىڭ ۋە مىللىي مەدە-نىيەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە ھېچ قانچىلىك [illegible] قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىمۇ ئوز ئالاھىدىلىك-كە ئىگە نادىر، قەدىمىي تارىختۇر، ئۇيغۇرلار ئىنتايىن باي تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، [illegible]

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئىلمىي ئەمگەك 2000 ـ يىلى [illegible] («شىنجاڭ خە-لق نەشرىياتى») [illegible]

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» كىتاۋىنى ئۇيغۇر تىلىغا ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان. ئۇي-غۇر سايرانى [illegible] ئىنقىلابىنىڭ پائال ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى، پېش-قەدەم ژۇرنالىست، دىپلومات (ئۇ 50 ـ يىللىرى [illegible] كونسۇل لاۋازىمىدا ئىشلىگەن)، تارىخچى ۋە [illegible] جان بولۇپ، كېيىنكى يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-تونوم رايونى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ۋىتسې پرېزىدېنتى لاۋازىمىدا ئىشلەپ، خەلقىمىزنىڭ قەدىمىي تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ئۆرغۈن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، چوڭ تۆھپە قوشقانلىقىنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر سايرانى ئىلگىرىمۇ روسسىيە ۋە سابىق س س س ر ئۇيغۇرشۇناسلىرى ۋ.ۋ.بارتولدنىڭ، ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ، د.ئى.تىخونوۋنىڭ، س. گ. كلياشتورنىينىڭ، ئا. گ. مالياۋكىننىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ژىرىك ئەم-گەكلىرىنى تەرجىمە قىلىپ كەڭ جامائەتچىلىككە ھاۋالە قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇرستان تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋە تا-رىخقا قىزىققۇچىلار ئۈچۈن مەزكۇر كىتاپقا مەشھۇر تارىخچى ئۇيغۇرشۇناس ئالىم س. گ. كلياشتورنىي-نىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقلەر-نىڭ تارىخى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «(تېر-خىن مەڭگۈ تېشى) 14 ـ قۇرنىڭ شەرھىي» قا-تارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىمۇ كىرگۈزۈلۈپ مەرك-زىي ئاسىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار تۈركۈمى-دە «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈر-كىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئۇ-مۇمىي نام بىلەن نەشر قىلىنغان. كىتاپنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەركىن شېرىپ.

مەزكۇر ئەسەرنى تەھرىرلەش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەسلى سىستېمىلىق پرىنسىپى ۋە ئۇسلۇبىنى ئەي-نەن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بەزى خىتايچە ئېلىن-غان ئاتالغۇلار ئوزگەرتىلگەن ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈل-گەندىن باشقا، قالغان ئاتالغۇلار ئاساسسىز ئوزگەرتىل-مىگەن.

قىسقىسى، قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇي-غۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەييارلاپ 1991 ـ ژى-لى نەشر قىلىنغان بۇ ئەمگەكنىڭ تارىخىي ۋەتىنى-مىزدە ئوز ئانا تىلىمىزدا بېسىلىپ كەڭ كىتاپخانلار-غا ھاۋالە قىلىنىشى مەدەنىي ھاياتىمىزدىكى چوڭ ۋاقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

يادىكار سابىتى.

سۇرەتتە: (ئوڭدىن سولغا) كىتاپ تەرجىمانى ئۇيغۇر سايرانى ۋە كىتاپ مۇئەللىپلىرىنىڭ بىرى مۇنىر ئېرزىن.
(ئۈرۈمچى، 1993 ـ ژىل، ئوكتەبر.)

ئانا ۋەتەن ـ ئالتۇن دىيار

«قورغاس» ۋە قەدىمىي ئۇيغۇر شەھىرى «قاياس» ھەققىدە

قورغاس ناھىيەسى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرىپ تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، سۇيى مول، يېرى مۇن-بەت، شۇنداقلا تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي قەلئە شە-ھەردۇر. قورغاس شەھىرىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە قور-غاس دېگەن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تار-خىي ماتېرىياللاردا ھەر خىل يېزىلغان. «غەربىي يۇرت تارىخىدىن خاتىرىلەر» ناملىق كىتاپتا: «قور-غاس ـ جۇڭغار تىلى بولۇپ، مال يايلىقى (ئوتلاق) دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ»، دەپ ئىزاھلىغان. ژۇ-قۇرىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، قورغاس شەھرى-نىڭ بەرپا بولۇشى ۋە قورغاس نامىنىڭ كېلىپ چى-قىشى جۇڭغارلار دەۋرى (17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىن-چى يېرىمى) بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. بۇ تارىخىي فاكتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. بەزى تارىخىي ماتېرىيال-لاردىن مەلۇمكى،قورغاس جۇڭغارلار دەۋرىگە ئە-مەس، بەلكى ئۇيغۇر خانلىقى (646 ـ 846) دەۋرىگە مەنسۇپ شەھەر بولۇپ، مىڭ ژىلدىن ئوشۇق تارىخقا ئىگە.

ھوججەتلىك فاكتلارغا ئاساسەن، قورغاس بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئالغان قاياس شەھىرىنىڭ ئوزى، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. فونېتىكىلىق ئوزگىرىش-لەر ئارقىلىق «قاياس» سوزى «قوياس»قا كېيىنرەك «قورغاس» قا ئوزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. «ي» ھەرپى بىلەن «ر» ھەرپىنىڭ ئالمىشىشى ئۇيغۇر تى-لى شېۋىلىرىدە داۋاملىق ئۇچرايدىغان ھادىسە.

«تۈركىي تىللار دىۋانىدا» مۇنداق خاتىرىلەنگەن. «قاياس ـ نوخسى ۋە چىگىل شەھىرىنىڭ ئېتى، ئۈچ قورغان موشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى ساپ-لىغ قاياس، ئىككىنچىسى «ئورۇڭ قاياس»، ئۈچىنچى-سى «قارا قاياس» (3 ـ توم 236 ـ بەت). شۇ توم-نىڭ 241 ـ بېتىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان. «كەي-كەن قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئېتى. ئۇنىڭ بىرسى «كىچىك كەيكەن» دېيىلىدۇ، بۇ كىچىك. يەنە بىرسى«ئۇلۇق كەيكەن دېيىلىدۇ. بۇ چوڭدۇر» (كەيكەن ـ قورغاس ناھى-يەسىدىكى كېگەن ئېغىزىدىن باشلىنىپ، ئىلى ۋا-دىسىغا ئېقىپ چۈشىدىغان چوڭ سۇ بولۇپ، ھازىر-مۇ «چوڭ كېگەن»، «كىچىك كېگەن» (كەيكەن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ھازىر كېگەن مال فېرمىسى بار).

مەھمۇد قەشقەرىي قاياس شەھىرىنى ئوز ئەسىرى-دە بىر قانچە جايدا تىلغا ئېلىپ ئوتكەن. مەسىلەن، «قوياسلىق، قوياسلىق ئەر، قوياسلىق ئادەم، قوياس شەھىرىدىن بولغان ئادەم» (3 ـ توم). «چىگىل ـ ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى: بىرىنچىسى بارسخان-نىڭ توۋەن تەرىپىدىكى «قوياس» شەھەر چېتىدە ياشايدىغان كوچمەنلەر» (1 ـ توم). «نوخسى» قو-ياستا ياشايدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى. «نوخسى چى-گىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ژۇقۇرىدا تىل-غا ئېلىنغان نوخسى، چىگىل ۋە بۇلاق قەبىلىرى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىدىن بولغان قارلۇقلارغا تەۋە ئۈچ چوڭ قەبىلە بولۇپ،ئۇيغۇر خان-لىقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە قۇرۇلغان قاراخانىلار دولىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىلىرىدىن ئىدى. قاياس شەھىرى بولسا، ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىلار دولىتىنىڭ مەركىزىي ئورۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، قاياس ۋىلا-يىتى دەپ ئاتىلاتتى». («قاراخانىلار دولىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 66 ـ بەت). بۇ يەردىكى قاياس (قوياس) ۋىلايىتى مەھمۇد قەشقەرىي ئوز ئەسىرى-دە تىلغا ئالغان ئۈچقورغان شەھىرىدىن تەشكىل تاپ-قان بولۇشى مۇمكىن.«سايلىغ قاياس»ھازىرقى قور-غاس چىگسىخۇزىنى، «ئورۇڭ قاياس» ھازىرقى قورغاس ئاقسۇنى، «قارا قاياس» ھازىرقى قورغاس چىلپەگزىنى كورسەتسە كېرەك. «سايلىغ» سوزى قە-دىمىي ئۇيغۇر تىلىدا ساپ، سۇزۇك، پاكىز مەناسىدا بولۇپ، ھازىرقى قورغاس سۇزۇك سۇ (چىگسىخۇزا) بازىرى نامىغا، «ئورۇڭ» چىگىلچە «ئاق» دېگەن سوز بولۇپ، («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 48ـ بەت) ھازىرقى قورغاس ئاقسۇ يېزىسى نامىغا توغرا كېلىدۇ. قارا قاياس قەدىمىي ۋاقىتلاردا «قارا بۇلاق»، «قارا سۇ» دەپ ئاتالغان چىلپەگزىنى كور-سەتسە كېرەك.

«قاياس شەھىرى چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كې-يىنمۇ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن پاي-تەخت قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا، قوياس (قاياس) ئىنتايىن ئاۋات، گوزەل شەھەر بولۇپ، چىڭگىزخان-نىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىمپېرىيە بويىچە چوڭ ئاب-رويغا ئىگە بولغان چاغاتاي ياز پەسلىنى «قوياس» دېگەن جايدا ئوتكۈزگەن. چىڭگىزخانىنىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى بولغان شوھرەتلىك خان ـ تۇغلۇق تومۇر-نىڭ جەسىتىمۇ قوياس شەھىرى تەۋەسىگە دەپنە قى-لىنغان بولۇپ، تارىخىي فاكت سۈپىتىدە ھازىرمۇ قورغاس ئوقارلىقتا قەد كوتىرىپ تۇرماقتا.

قوياس شەھىرىنىڭ كونا ئورنى ئېھتىمال مىلادى 13 ـ ئەسىردە ئالمابالىق قاتارلىق شەھەرلەر تومۇر-لەڭ (ئاقساق تومۇر) تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغاندا ھەمدە 17ـ ئەسىردە جۇڭغار خانى غالدان قوشۇنلى-رى تەرىپىدىن ئاخىرقى قېتىم ۋەيران قىلىنغاندا بىرگە ۋەيران بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئابدۇساتتار ناسىرىي.

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنالىدىن ئېلىندى.

ۋاقىت

ئەدىبلەر ئۈچۈن : ۋاقىت ئالتۇن دېمەكتۇر.
تېببىي ئالىملار ئۈچۈن : ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر.
پېداگوگلار ئۈچۈن : ۋاقىت بىلىم دېمەكتۇر.
ھەربىي ئالىملار ئۈچۈن : ۋاقىت غەلىبە دېمەكتۇر.
پەلەسوپلار ئۈچۈن : ۋاقىت ھەقىقەتنىڭ قىنى دېمەكتۇر.
ئىستېتىك شۇناسلار ئۈچۈن : ۋاقىت تۇرمۇشنىڭ ئۇمۇتى دېمەكتۇر.
تارىخشۇناسلار ئۈچۈن : ۋاقىت ئادىل سوتچى دېمەكتۇر.
ئىشچىلار ئۈچۈن : ۋاقىت سۇرئەت دېمەكتۇر.
دېخانلار ئۈچۈن : ۋاقىت ئاشلىق دېمەكتۇر.
سودىگەرلەر ئۈچۈن : ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر.
شوفيورلار ئۈچۈن : ۋاقىت مۇساپە دېمەكتۇر.
مۇخبىرلار ئۈچۈن ۋاقىت خەۋەر دېمەكتۇر.

يارقىن سىمالار

ئامانىسا بېگىم (1523 - 1557) ھاياتىدىن بىز ئۇ ياشىغان دەۋردە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئازاتلىقلىقى ۋە مەدەنىيەتلىك لىكىنى ياققال كورەلەيمىز. چۈنكى كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيە ئۈۋج ئال غان دەۋردە ئىسلام دىنىغا بارلىق تۆقى ئىلەتلەرنى ئارتىپ، گويا ئوتمۇش تە ئۇيغۇر ئاياللىرى پەرەنجە ئىچىدە بولۇپ، جەمئىيەت ئىشلىرىغا تامامەن ئارىلاشتۇرۇلمىغان، ئاياللارنى: «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەپ ھاقا- رەتلەپ، ئۇلارنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى ئۆي ئىشلىرى، ئوچاق بېشى بىلەن چەكلەپ كەلدى، دېگەن قېلىپتىكى سوزلەر بىلەن چەكلىنەتتى. لېكىن، ئەي نە شۇ ئىسلام راسا ئۇۋج ئېلىپ، ئۇز ئىدېئولوگىيەسىنى ئىنسان پائالىيىتى- نىڭ بارلىق ساھالىرىغا قانات يايدۇرۇشقا باشلىغان ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرلى- رىدە ئۇيغۇر خەلقى ئامانىسا بېگىم، زىبۇننىسا بېگىم، ماھلەر ئايىم نادىرە، دىلشاد، ئەنبەر ئاتىن، ئۈۋەيسى، مايىمخان، نازۇگۇم ۋە كوپلىگەن باشقا ئەركسۆيەر، تالانتلىق شائىرە ھەم سەنئەتكارلارنى مەيدانغا ئاتقانلىقىنى ئا- لاھىدە تەكىتلەش ئورۇنلۇقتۇر.

ھە، بىز بۇ ماقالىمىزدا ئەينە شۇ شائىرە، سەنئەتكار ۋە ئەڭ مۇھىمى - ئە- ركسۆيەر قىزلىرىمىزدىن ئامانىسا بېگىم توغرىلىق ئىككى ئېغىز سوز قىلماق- چىمىز. ئامانىسا يەركەنت خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى سۇلتان ئابدۇرې- شىتخان(1533 - 1570 - يىللىرى) زامانىدىكى ئاتاقلىق شائىرە، مۇقام شۇناس - سەنئەتكار ۋە ئېتىكا - ئېستېتىكا بويىچىمۇ قەلەم تەۋرەتكەن ئە- دىپ سۈپىتىدە ئېتراپ قىلىنغان قىزلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلى- نىدۇ.خوتەنلىك ئەدىپ ئىسمىتۇللانىڭ«تاۋارىخى مۇسىقىيۇن»ناملىق كى- تاۋىدا ۋە يازغۇچى تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ«مەلىكە ئامانىسا خانىم» دېگەن تارىخىي رومانىدا (ش ئۇ ئار «ياشلار - ئوسمۇرلەر نەشرىياتى»، ئۈرۈمچى، 1996-يىل) ۋە باشقا مەنبەلەردە تەكىتلىنىشىچە، ئامانىساخان تەكلىماكان ياقىسىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە ياشايدىغان مەھمۇد دېگەن كىشىنىڭ قې- زى ئىكەن. ئامانىسانىڭ دادىسى مەھمۇد توغرىلىق تۇرسۇن يۇنۇس مۇن- داق يازىدۇ: «مەھمۇد ئۇستاز ياشلىق دەۋرىدە ئۇلۇغبېكنىڭ «زىچى كۆرا- گانى» ناملىق كىتابىنى تەتقىق قىلىپ ئىلمى نۇجۇم ئالىمى دەپ داڭق چىقارغان ۋە ھەممە ساھادا كامالەتكە يەتكەن كاتتا مۇدەررىس ئىدى، - دەپ سوز باشلىدى قېدىرخان ئۇستاز، - (قېدىرخان ئابدۇرېشىتخان ئور- دىسىدىكى مۇقامچىلارنى تەييارلاش ئۇستازى، مۇدەررىس، ئاتاقلىق سەن- ئەتكار، ئامانىسانىڭ بولغۇسى ئۇستازى - يا. س.) ئۇ كىشى فەلەكيات ئىلمىدىن باشقا ئارىستوتېل، ئەبۇ ناسىر فارابىي ۋە ئومەر ھەييام پەلسەپىلىرى- دىن دەرس بەرگەندى، شۇڭا مىرزا ئەبۇبەكرىنىڭ ئەتراپىدىكى تەركىدۇن- ياچى تەسەۋۋۇرۇپچىلار سۇلتان ئەبۇبەكرگە ئۇنى يامان كورسىتىپ، دەھ- رىيلىكنى تەرغىپ قىلدىڭ دېگەن گۇناھ بىلەن زىندانغا تاشلىغاندى، كې- يىن ئۇنى تالىپلىرى قۇتقۇزۇۋېلىپ چىقىپ يەنە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئىش- تىياقى بىلەن تەركىدۇنياچىلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان يۇرتتى ئىزدەپ، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى بىر بازارغا جايلاشتۇرغاندى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن مەھمۇد ئۇستاز بىلەن بىر نىيەتتىكى ئىلىم - مەرىپەتچىلەر ياردەملىشىپ «مەدرىسەئى نەقشبەندىيە» ناملىق نە- قشبەندى يولىنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر مەدرىس بىنا قىلدۇرۇپ نۇر- غۇن تالىپلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى...» («مەلىكە ئامانىسا خانىم»، 30 - بەت.) دېمەك، ئامانىساخاننىڭ كىپلەچەكتە تالانتلىق شائىرە، ئاتاقلىق مۇ- قامشۇناس بولۇپ يېتىشىدە ئاتىسى مەھمۇد ئۇستازنىڭ تەسىرى زور بولغان لىقىنى بايقاۋېلىش تەس ئەمەس.

تارىخىي كىتاپلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئابدۇرېشىتخان شىكار مەزگىلىدە ئامانىسانىڭ جامالى، شېئىرى ۋە خەتتاتلىق ماھارىتى، مۇزىكا ئىستېداتىغا قايىل بولۇپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، مۇقام رەتلەش، ئىسلاھ قىلىش ئىشلى- رىغا جەلىپ قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ئۇ قېدىرخان ئۇستاز ئوخشاش مۇقام پېشۋالىرىدىن دەرس ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇقام ئىجرا قىلىش ماھارىتىنى تې- خىمۇ تاكامۇللاشتۇرغان.

ئابدۇرېشىتخان ئامانىساخاننى دەسلەپ كورگەندە ئۇنىڭ مۇقام ئىجرا قىلىش ئۇسلۇبىغا تاڭ قالدۇ. «ئامانىسا ساتارنى قولىغا ئېلىپ، ھاياجان- دىن گۈل ياپراقلىرىدەك تىترەۋاتقان نېپىز لەۋلىرىنى يەڭگىل چىشلەپ كۆلۈمسىرەپ قويدىدە، ئاندىن نازۇك، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ساتار- نىڭ پەدىسىنى بېسىپ، كامالچىسىنى زىل تار ئۇستىدە ئوينىتىشقا باشلى- دى... مۇقام ساداسى دولقۇنلىنىپ، بارغانسىرى ئەۋجىگە كوتىرىلمەكتە ئىدى. سورۇن ئەھلىنىڭ ژۇرەك تارىمۇ ئۇنىسىز جاراڭلاپ ئاھاڭ دولقۇنلى- رى بىلەن تەڭ دولقۇنلىناتتى. مۇقام ئەڭ ژۇقۇرى ئەۋجىگە كوتۇرۇلگەندە ئاخىرقى ئىككى مىسرا شېئىر بىپايان ئاسماندا، چەكسىز دالالاردا ئەكس سا- دا ھاسىل قىلغاندەك بولدى:

سەگا يۇز شۇكۇر ياراب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر - مىسكىنگە ئابدۇرېشىتخاننى پاناھ قىلدىڭ.
نەفسى كېچە - كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى قۇددۇسقا،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ...

- قىزىم، بۇ غەزەلنى ئالدىڭدا ئولتۇرغان مېھماننى تونۇماي تۇرۇپلا ئو- قۇۋاتىسەن، شۇنداققۇ دەيمەن؟ بۇ كىشى ...

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مەھمۇد ئۇستازغا دەرھال كوز قىسىپ قويۇپ سوزلىمەسلىككە بېشارەت بەردى. مەھمۇد ئۇستاز شاھنىڭ مەخسىتىنى چۈ- شىنىپ شۈك بولۇپ قالدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بىر پەس ئويلانغان- دىن كېيىن خۇش خۇي كەيپىيات بىلەن ئامانىسانىڭ ساتارنى قولىغا ئېلىپ:

- ئەزىز خېنىم، بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى مەھمۇد ئاكىنىڭ ياسىغانلىقىدا شۇبھە يوقتۇر. لېكىن بايىقى غەزەللىرىڭىزدىكى نەفسە دېگەن شائىرە كىم- كىن؟ ئۇ غەزەلنى قەيەردىن ئۆگەنگەنسىز؟

ئامانىسا بۇ كەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كولۇپ تاشلىدى - دە پەرۋا قىل- ماستىن سوزلەۋەردى:

- ياتلارنىڭ غەزەللىرىنىمۇ ياد ئېتىپ ئوقۇمدىكەن كىشى؟ مەن ئەزەل- دىن ھەزرىتى ئەلشىر نەۋايى، فۇزۇلى، سەئىددىن قەشقىرى، ئابدۇراخمان جامىلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۈزگە شېئىرنى ئوقۇمايمەن. نەفسى مېنىڭ تەخەل- لۇسۇم بولىدۇ.

- قانچە ياشقا كىردىلە؟ - سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

- قىزىم ئون ئۈچ ياشقا كىردى، - ئالدىراپ جاۋاپ بەردى مەھمۇد ئۇستاز.» (شۇ كىتاب، 21 - 22 - بەتلەر).

ھە، 13 ياشقا كىرگەن قىزنىڭ مۇنداق مۇكەممەل، ھەقىقەتەنمۇ نەپىس شېئىرلارنى يېزىشى ھەر قانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىرشەخسىيار ئۇ- زىنگە مەھلىيا قىلىندى. كىچىككىنىلا مەشھۇر سەنئەتكار ۋە ئالىم ئاتىسىدىن ۋە ئانىسىدىن خەلق ناخشا - مۇقاملىرىنى ئۆگەنگەن ئامانىسا ئابدۇرېشىتخان ئوردىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ناخشا - مۇزىكا قامۇسى «12 مۇ- قام» نى تەتقىقاتىنى ئەستايىدىل كىرىشىپ، شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق مۇقامشۇ- ناس ئۇستاز قېدىرخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇقاملارنى ئىسلاھ قىلىش، مۇ- قام مەتىنلىرىنى (تېكىستلىرىنى) رەتلەپ تەرتىپكە سېلىش، ئۇنى ئىبلى ۋە شۇنداقلا ھىندىستان، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، ئافغانىستان ئوخشاش خوشنا

ئەركسۆيەر

شائىرە ۋە مۇقامچى

ئەللەردىن كەلگەن تالىپلارغا مۇقام ئۆگىتىش ئىشلىرىغا جان دىلى بىلەن كىرىشىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان ئاتلىق، تەرەققىيپەرۋەر، شېئىرىيەتتىنمۇ، ئىلىم پەننىمۇ خەۋىرى بار ئادەم بولغانلىقتىن، جاھالەتپەرەس تەركىدۇنياچىلارنىڭ قەتئىي قارشى تۇرىشىغا قارىماي، پايتەختتە ... رەسەتخانا ... مۇنارىنى سالدۇرغان، ... شۇنداقلا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئەبۇ ناسىر فارابىلارنىڭ، دۇنيادىكى كوپلىگەن ئۆزىنىڭ شائىر، ئالىم ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بولغان ... ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى جىددىي رىۋاجلاندۇ- رۇش مەخسىتىدە ... ھەممىگە مەدرىسە ... ۋەيران بولغان مۇنەججىم، مۇنەققىش ۋە شائىرلارنى، مېمارلارنى، سەنئەتچىلەرنى، خەتتات- لارنى، مەشھۇر مۇدەررىس ۋە ئېۋىپلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلغان. بۇ ئىش- لارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سۇلتان ئابدۇرېشىتخان غەزنىدىكى نا- نتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ كوپ ئۈلۈشىنى سەرىپ قىلغان، ئىلىم - پەن، مانا- رىپ - مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خاندانلىقنىڭ كۈلەلىكى- نى - يۇرت ياياشاتلىشىپ كەتتى. ئامانىسانىڭ ئوز زامانىسىنىڭ تۆۋمى جايىتىنى مەدھىيىلەپ:

نەگە بارسام كۆيى - غەزەل ياڭراپدۇ قەلئە باغىدا ھەم،
ھەمما ياقتا داپ ئۇسسۇل، سەھرايى قىشلاق تاغىدا ھەم...

دەپ باشلانغان غەزەلنى يېزىپ ئاھاڭلىرى بىلەن ئەل ئىچىگە تارقاتتى.

ئامانىساخان شۇ دەۋردىكى مەرىپەتلىك مۇقام ئەللامىسى سانالغان قېدىرخان ئۇستاز ۋە باشقا ئاتاقلىق شائىر، مۇقامشۇناسلار بىلەن ھەمكارلى- شىپ مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى جىددىي ئۆگىنىپ، تەجرىبىنى تەمىنلىگەن ... 12 مۇقامنى تارقاق ھالەتتىكى مۇقاملارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق سەندىيە دەۋرى ... خەلقىمىزنىڭ ... ئامانىسانىڭ مۇقامغا ... يىغىپ ... تەرگىپ ... شېئىرلار بىلەن ... لازىم ... ئاخىرقى ... تېكىستلىرىنى ... قىلغانلىقى ... ئابدۇرېشىتخاننىڭ ... كۆزلىرىگە تەسلىم قىلغان ... ئامانىسا ... سەنئەت ... ئالمىغان ... ئىنچىل داۋا- لاشتۇرۇلىدۇ.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئامانىسانىڭ ئەجايىپ نەپىس شېئىرلىرىغا جا-

راڭلىق ۋە ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان مۇڭلۇق مۇقاملىرىغا، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە بېيەرۋا بولالمىغان ئىدى. ئۇ بۇ تە- بىي گوزەل شائىرەنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، بۇ خاندانلىقتىكى مۇقام تەتقىقا- تى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بارلىق ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنى ر- ۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆرتكە بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئابدۇرېشىتخان بەزىلەر- نىڭ ئامانىسا بېگىم خان جەمەتى ئەمەس،بەلكى ئۇ توۋەنكى قاتلام بىر قە- بەغەلنىڭ قىزى،دەپ جىددىي قارشىلىق قىلغىنىغا قارىماي،ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمايدۇ. ئۇ ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىنىڭ خانزادىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئې- لىپ ئوردا ئىشلىرىغا بىمالال ئارىلىشالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن تۈنجى قې- تىم يول ئېچىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇرېشىتخان ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىنى خانزادىلەردىن پەس كورۇپ، توۋەن تەبىقە - تائىپىلەر قاتارىدا خارلاشقا خاتىمە بېرىشنى قارار قىلدى.

ئامانىساخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ نىكاھىغا ئوتۇپ، ئوردا ھاياتىغا قەدەم تاشلاپ، ئۇنى كورەلمەيدىغان پىتنە - پاساتچىلارنىڭ، ھەر قانداق تەرەققى- يات، ئىلىم - مەرىپەتكە جان - دىلى بىلەن قارشى چىققۇچى تەركىدۇنيا- چىلارنىڭ توسالغۇلۇقلىرىغا قارىماي ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر مۇقاملىرى- نى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سەنئىيە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە چوڭ ھەسسە قوشتى. ئۇ ئۇيغۇر مۇ- زىكىسىنىڭ بوۋىسى دەپ ئاتالغان «ئون ئىككى مۇقامنىڭ» ھازىرقى مۇ- كەممەل ھالەتكە كەلتۈرۈلۈشىگە ئىنتايىن چوڭ ئەجىر سىڭدۇرگەنلىكىنى قەيت قىلىشىمىز كېرەك. مەلىكە ئامانىسا بىلەن قېدىرخان ئۇستازلار رەھ- بەرلىكىدە مۇقام تېكىستلىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋايىنىڭ شېئرىيەت دۇردانىلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تىل ساپلىقىنى، مەزمۇنىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ جىددىي كۆچ سېلىشى بىلەن ئوردىدا مەلىكە ئامانى- ساخان، قېدىرخان ئۇستازلارنىڭ بۇ پائالىيىتى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى، مۇقام مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ھۇل سالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر ئوچۇم سوپى - ئىشانلار مۇزىكا سەنئىتىگە قارشى چىقىپ، ئويۇن - تا- ماشا ۋە مۇزىكىغا «مەكرۇ» دېگەن قالپاق كىيدۈرگەنلىكى بېجىز ئەمەس ئې- دى. ئۇلار «خانىقا مۇقاملىرى» دەپ ئاتالغان سوپى - ئىشانلارنىڭ زىك- رى - تەلقىنىنى رىۋاجلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام- نى» بىر چەتتە قالدۇرۇپ قويغان بولاتتى.

مەلىكە ئامانىسانىڭ«ئىشرەت ئەنگىز»ناملىق بىر ژۈرۈش مۇقام ئىجات قىلغانلىقى مەلۇم. بۇ توغرىلىق تۇرسۇن يۇنۇس مۇنداق يازىدۇ: «... ئارى- دىن بىر نەچچە ھەپتە ئوتكەن مەزگىلدە چاھار باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۈرىيەت مەيدانىغا مىڭدىن ئارتۇق ئېسىلزادىلەر تويلاشتى. ئالىم ۋە پازىل- لار ئوردا مۇغەننىلىرى (ناخشىچى قىزلار) ۋە خانلىق مۇقام مەدرىسىنىڭ تالىپلىرى جەملىشىپ ئېلىپ بېرىلغان مۇقام بەزمىسىدە ئامانىسانىڭ بۇل- بۇل ئاۋاسىغا تەقلىد قىلىپ ئىجاد ئەتكەن يېڭى مۇقامى ئورۇنلاندى:

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كوردى ھەيران بولدى گۈل،
بەرگىسىز قالدى ئىدىنىكىم، بەس پەرىشان بولدى گۈل.
بادەدىن گۈل - گۈل كورۇپ ئول يۈزنى، ئانىڭ ھەجرىدىن،
چاك - چاك ئولغان كوڭۈلدەك تەھ - بەتەھ قان بولدى گۈل.

ئامانىسانىڭ كۆيۈ ئاۋاسى ژۇقۇرى پەللىگە كوتۇرۇلگەندە قىز - ژىگىتلەر مۇقام نەغمىسىگە جور بولۇپ ساماغا چۈشتى. مۇقام نەغمىسى بىلەن شوخ ساما ئۇسسۇللىرى بىر - بىرىگە كوش بىلەن ياغدەك يېپىشىپ، ماسلىشىپ كەتكەندى. مەيدان قاينام - تاشقىنغا چومدى، مەيداننى چوردەپ ئول- تارغان سورۇن ئەھلى ھاياجانلانغانلىقىدىن ئۆزىنى باسالماي «ئاپىرىن» دەپ ۋاقىراشتى. ئامانىسا ئاخىرقى مىسرانى ئوقۇپ توگەتكەندىن كېيىن، خانزادە - نازىنىلار ئامانىسانى قۇچاقلاپ، ھاياجانغا تولغان ياش ئۇنچىلە- رى بىلەن ئۇنى مۇبارەكلىدى.

- مۇھتەرەم ئەزىزلەر، - دەپ ئۇنلۇك سوزلىدى سۇلتان سورۇن ئەھلى- گە قاراپ، - بۇ يېڭى مۇقام خوشاللىق تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كاتتا مۇقام بوپتۇ. ئەزىزلەرنىڭ بۇ يېڭى مۇقامغا نام قويۇپ بېرىشىنى سورايمىز.

سورۇن ئەھلى ئىچىدە ھەر ئۇۋىسىدىك غۇڭشىغان ئاۋازلار مەيداننى بىر ئالدى. بەزىلەر «شادىيانە مۇقامى» دەپ نام قويۇشسا، يەنە بەزىلىرى «بۇلبۇل ئاۋاسى» دەپ ۋاقىراشتى. لېكىن ئاخىرىدا «بۇلبۇل ئاۋاسى» دې- گۈچىلەر بارغانسېرى كوپەيگەن بولسىمۇ سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بېشىنى چايقاپ خىيال سۈرگەن ھالدا جامائەتكە يۈزلەندى:

- ئەزىز بۇرادەرلەر، مېنىڭچە بۇ يېڭى مۇقامغا «ئىشرەت ئەنگىز» دەپ نام قويساق قانداق بولار؟

قېدىرخان ئۇستاز گويا گوھەر تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇپ مەھمۇد ئۇس- تاز بىلەن ئامانىسانىڭ قولىغا بىر ئېمىلەرنى پىچىرلىدى، ئامانىسا رازى- مەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولغاندىن كېيىن قېدىرخان ئۇستاز سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلدى:

- بۇ نام ناھايىتى ياخشى قويۇلدى ئۇلۇغ شاھىم، «ئىشرەت ئەنگىز» دېگەننىڭ مەنىسى خوشاللىق قوزغاش دېمەكتۇر...

قېدىرخان ئۇستاز سوزلەۋېتىپ، قېشىدا ئولتارغان ئەمىرزادىلەرگە سو- ئال نەزەرى بىلەن كوز تاشلىدى، مېھمانلارمۇ بۇ نامنى مۇۋاپىق كورۇپ بې- شىنى ئېگىپ قويدى. سورۇن ئەھلى ئىچىدە غۇلغۇلا يەنە ئەۋجىگە كوتۇ- رۇلۇپ ھەممىسى «ئىشرەت ئەنگىز» دېگەننى تەكىتلىدى. سۇلتان يەنە سوزىنى داۋام ئەتكۈزدى:

- بىز « ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى ئارقىلىق تەركىدۇنياچىلىقتا ۋەيران بولىۋاتقان كىشىلەرنى ژىغا - زارە دۇنياسىنىڭ روھىي كىشەنلىرىدىن ئازات ئېتەيلى،» (« مەلىكە ئامانىساخان» تارىخىي رومان، 138 - 139 - بەت- لەر.)

تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تەكىتلىنىشىچە، مەلىكە ئامانىساخان شۇن- داقلا «دىۋان نەفسى» تۈركۈمىدە ئەجايىپ گوزەل شېئىرلارنى، «ئەخ- لاقى جەمىلە» (گوزەل ئەخلاق، ئاياللار ئەخلاقىغا دائىر مەسىلەر)، «شۇرۇلقۇلۇپ» (قەبىلەر كېڭىشى) ناملىق ئېتىكىلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. ئامانىسا 1557 - يىلى تۇغۇتتا قازا بولغان. ئامانىسا- خان خەلقىمىز تارىخىدا ئەينە شۇنداق ئەجايىپ نەپىس شائىرە، مەشھۇر مۇقامشۇناس ۋە ئەخلاقشۇناس ئالىمە سۈپىتىدە ئالاھىدە ئورۇن ئالىدۇ.

يادىكار سابىتى.

تارىختىن ئۇچۇر

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخىدىكى مەشھۇر تېۋىپلار

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخىدا ئەدەبىيات، سەنئەت، مەدەنىيەت ساھالىرىدا مەشھۇر نامايەندىلەرنى دۇنياغا تونۇتتى. مەھمۇد قەشقىرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى، مىرزا ھەيدەر دوغلاتىي، ئەلشىر ناۋائىي قاتارلىق كۆپلىگەن شائىر، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمىز خەلقىمىزنىڭ پەخرىگە ئايلىنىپ، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنداقلا خەلقىمىز ئىچىدىن مەشھۇر ھۆكىما - تېۋىپلارمۇ چىققان، ئۇلارنىڭ تىبابەتچىلىك ساھاسىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ھازىرمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى. تۆۋەندە، ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەينە شۇ مەشھۇر تېۋىپلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تىبابەتشۇناس، تېۋىپ ۋە مۇدەررىس ئىمادىدىن قەشقىرىي ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى ئەلقانۇن»، «شەرھى شىپا» ناملىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىبن سىنانىڭ «ئەلقانۇن فىت تىببىي» دېگەن ئەسەرىگە ئىزاھ بەرگەن. شۇ ئارقىلىق ئىبن سىنانىڭ تەلىماتلىرىنى شەرقتە تارقىتىش، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئىلگىرلەپ تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە تۆھپە قوشقان.

شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ ئىلى مۇھەممەت ئىمىن ياركەنت «زىيائۇل قۇلۇپ» (قەلب نۇرلىرى) ناملىق تىبابەتچىلىك كىتاۋىنى يازغان. بۇ كىتاپتا ئىبن سىنانىڭ «ئەل قانۇن فىت تىببىي» ناملىق نادىر ئەسەرى قەشقەردىكى ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغان «مەدرىس ساجىيە» (نۇر چاچقۇچى مەدرىس) دە ئوقۇتۇش دەستۇرى قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن. كېيىنچە مىلادى 1057 - ژىلى ئاتۇشتا ئۇنىڭ شوبە دارىلفۇنۇنى بولغان «ساج» مەدرىسىنىڭ ھەر خىل پەنلەر قاتارىدا ئىبن سىنا تىببىي تەلىماتلىرىدىن دەرسلەر ئوقۇلۇپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتاتغۇ بىلىك» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى داستانى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى، مەدەنىيەت غەزنىمىزدىكى بىباھا گوھەرلەرنىڭ بىرى. خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتاتغۇ بىلىك» ئەسەرىدە تېۋىپلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە توختىلىپ، تېۋىپلارنىڭ پۈتۈن كېسەللەرگە داۋا قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى ئەزىز كۆرۈپ، ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش، ھۆرمەتلەشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەۋىي ئىلمى بولغان 4 خىلىت يەنى سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا ھەققىدىمۇ توختالغان ھەمدە كېسەللىكنىڭ ئىغىزدىن كىرىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ، ئوزۇقلىنىشتا ئىمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى ئىنچام، چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ شەرھىلەپ بەرگەن:

«كېسەل كالىدىن كىرەر، ئۇنى چىڭ كۈزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز - ئازىيە پەقەت.»
«غىزانى يە ئۆلچەپ، يېمە تولا كوپ،
ئەقىل بىر ئەزىز سۆز ئېيتتى بۇڭا خوپ:
تولا يېگۈچىنىڭ ئىشى سىڭمىغاي،
ھەزىم بولمىسا ئاش ھەريان ئاغرىغاي.»
«سېرىق يۈز، يادىڭغۇ، ئۆزىنى خار قىلۇر.»
«ئىغىزدىن كىرۇر ئاش بىلەن بۇ كېسەل،
قىرىنتۇر كىشىنى يېيىشدىن ئەۋەل.»
«تولا كوردۇم ئەمدى ئەزىز كىشىلەر،
گېلىنى ژىغالماي بولۇپ كەتتى يەر.»
«كېسەل دەردى ئەرگە گېلىدىن كىرۇر،
ئۇنىڭ دورىسى ھەم ئىغىزدىن بولۇر.»
«تىرىك بولسا ئادەم ئۇ كېسەل بولۇر،
تېۋىپلار كېسەلگە داۋا قىلۇر.»
«ئۇلارنى سەن ياخشى كورۇپ، تۇت يېقىن،
ئۇلاردۇر كېرەكلىك، كۈزەت سەن ھەقىن.»

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد قەشقىرىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىمى، ئۇ مەشھۇر تىلشۇناس، ئېنسىكلوپېدىست بولۇپلا قالماستىن، تىبابەتچىلىكتىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزنى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي تىببىي ئىلمى، تىبابەتچىلىك تارىخى جەھەتتىكى يەنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كۆرەشى جەريانىدا تەبىئەت ۋە كېسەللىكلەر بىلەن كۆرەش قىلغانلىقى، ھەر خىل داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئىجات قىلغانلىقى ۋە تۈرك، ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان رايونلارنىڭ يەر، سۇ، ھاۋاسى، خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش، ئورپى - ئادەتلىرى، غىزالىنىش ئەھۋاللىرى، بۇ جايلاردا ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر، مەدەن، دورا - دەرمەك بايلىقلىرى، شاراپ تەييارلاش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار بىلەن ژىغىپ ئېيتقاندا، كېسەللەرنى داۋالاش ۋە دورىگەرچىلىك ئىلمى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەھمۇد قەشقىرىي يەنە شۇ دەۋردە خەلق ئىچىدىكى كېسەللىكلەردىن قان بېسىمى كېسەللىكى، ماخاۋ كېسەللىكى، ئۇيقۇسىزلىق، بەزگەك، ئاق كېسەل، ئىچ ئۆتكۈ، زۇكام، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى، چاپلاشقاق كېسىلى، قوساق ئاغرىقى، قېرىنىدا سېرىق سۇ ژىغىلىپ قېلىش كېسەللىكى، سېرىق چېچەك كېسەللىكى، ئوسمۇرلەرنىڭ تىرنىغىغا ئاق داغ چۈشۈش كېسەللىكى قاتارلىق ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالىغانلىقى: قوساق ئاغرىقىنى ئىگىر بىلەن داۋالىغانلىقى، «ئاكىت» دەپ ئاتالغان بىر خىل دورىنى زەپەر بىلەن قوشۇپ ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى داغنى داۋالىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغان. يەنە ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىشتا ھەسەل، زەپەر، مىھرى گىياھ، ئىپار ۋە ھايۋان، ئۇچار قاناتلار ھەمدە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلانغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

ژۇقۇرقىلاردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس، مۇكەممەل سىستېما ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخقا ئىگە بولغان تىبابەتچىلىك ئىلمى ۋە ئۇلۇغ ئالىمنىڭ تىبابەتچىلىكتىن خېلى ژۇقۇرى دەرىجىدە خەۋىرى بارلىقىنى كورۇپ ئالالايمىز.

ئۇيغۇر ئالىمى ئاتاقلىق تىلشۇناس، لۇغەتشۇناس ۋە تېۋىپ جامالىدىن قەرشى ئالمىلىقتا تۇغۇلغان بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەردىكى مەدرىسە ساجىيەدە مۇدەررىسلىك قىلغان. تىبابەتچىلىك ئىلمىدىن دەرس ئۆتكەن. مىلادىنىڭ 1282 - ژىلى «سوراھ» ناملىق ئەرەبچە ئىزاھلىق چوڭ لۇغەت ئىشلىگەن ھەمدە لۇغەتكە نەچچە مىڭ تىببىي ئاتالغۇ كىرگۈزگەن. بۇ ئەسەر مىلادى 1910 - ژىلى ھىندىستاندا بېسىلىپ دۇنياغا تارقىتىلغان. مۇئەللىپ ئەسلىدە قەشقەردىكى «مەدرىس ساجىيەنىڭ» كوپ مىقداردىكى كىتاپلار ساقلانغان، چوڭ كولەملىك كىتاپ غەزنىسىگە ئىگەدارلىقىنى قەيت قىلغان.

مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپى نورۇز ئاخۇنۇم (؟ - 1379) ھەم تېۋىپ ھەم يېتىشكەن دورىگەر بولۇپ، قەشقەر، يەركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلاردا كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ۋە دورىگەرچىلىك تېخنىكىسى ئارقىلىق زور شوھرەت قازانغان، ھەمدە نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك دورا ئۆسخىلىرى ۋە دورا ياساش ئۇسۇللىرىنى تېۋىپ ۋە دورىگەرلىرىمىز تا ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تېۋىپ ئالائىدىن مۇھەممەت خوتەنىي ھىجرى 901 - ژىلى خوتەندە «قەۋانىنۇلئىلاج» ناملىق تىببىي ئەسەرنى يازغان ۋە نۇرغۇن تېۋىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ئالىم مىرزا ھەيدەر دوغلاتىي يازغان «تارىخى رەشىدى» دە ئىلى ھاكىمى خىزىر غوجىنىڭ ۋەزىرى قەمەدىدىن دېگەن كىشىنىڭ غۇلجا تەۋەسى بويىچە داڭ چىقارغان تېۋىپ ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن.

«دەستۇرىلئىلاج» ناملىق چوڭ تىببىي ئەسەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يەركەنتتە پارىسچىدىن چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇرۇلغان قىممەتلىك ئەسەرلەردىن بولۇپ، كىتاپ 24 باپ، 256 بولۇمگە بولۇنگەن، جەمى 840 بەت.

مەشھۇر تېۋىپ ئىلى بېك مۇرادبېك قەشقىرىي «ئەغراز تىببە» ناملىق تىببىي ئەسەر (قولىيازما)نى ھىجرىيە 1150 - ژىلى قەشقەردە يازغان.

مەشھۇر تېۋىپ سېيىت مۇختەر بۇلاقبېك «تىببىي شىفا» ناملىق ژىرىك تىببىي ئەسەرنى ھىجرىيە 1251 - ژىلى قەشقەردە يازغان. كىتاپ 104 باپقا بولۇنگەن.

مەشھۇر تېۋىپ سوپى ئاخۇنۇم مەھەممەت ئىمىن ئىبنى كېپەك تونۇلغان جامائەت ئەربابى، قەشقەردە مۇندىن 140 ژىل بۇرۇن ئۆتكەن. كېسەل داۋالاش ۋە دورىگەرلىكتە داڭ چىقارغان ھەمدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. سوپى ئاخۇنۇمنىڭ دادىسى، بوۋىسى ۋە تورت ئەجدادىمۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. «شىفا ئۇلقۇلۇپ» (دىللار شىپاسى) ناملىق تىببىي ئەسەرنى ھىجرىيە 1156 - ژىلى يازغان.

يەركەنتلىك مەشھۇر تېۋىپ سۈپۈرگە ھاجىم كوز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا داڭ چىقارغان بولۇپ، 80 ياشلىرىغىچە تېۋىپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ سوپى ئاخۇنۇمنىڭ زاماندىشى ئىدى.

بەرقى تەجەللى قاغىلىق ناھىيەسىدىن بولۇپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە ماھىر تېۋىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتۈملۈك داۋالاش ئۆسخىلىرى ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىنمەكتە.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى نەزەرىيەۋىي ۋە ئەمەلىي تىبابەتچىلىك دەپ ئىككىگە بولىنىدۇ. ئۇ ئۆزىگە خاس مۇكەممەل، سىستېملىق نەزەرىيەۋىي ئاساسقا ئىگە. يەنى تورت چوڭ ماددا (ئاناسىر ئەربەئە) نەزەرىيەسى، مىزاج نەزەرىيەسى، تورت خىلىت نەزەرىيەسى، ئەزالار نەزەرىيەسى، قۇۋۋەت نەزەرىيەسى ۋە ساقلىقنى ساقلاش زورۇر قائىدىلىرى، كېسەللىك سەۋەبلىرى، كېسەللىكلەرنى تۈرلەرگە ئاجرىتىش، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش (ئىلمى تەشخىس) نەزەرىيەلىرى، داۋالاش قائىدە پرىنسىپلىرى، ئۇسۇللىرى، يېمەك - ئىچمەك، كۈتۈش ھەققىدە ۋە مۇكەممەللەشكەن دورا ئىلمى، ياسالما ئۆسخىلىرى ئىلمى ھەققىدە بىر ژۈرۈش نەزەرىيەلىرى بار.

كلىنىك جەھەتتە كېسەللىكلەر ئىلمى (تېرە كېسەللىكلىرى، چېچەك - سۇئۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.) باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى قاتارلىق ھەر قايسى مەخسۇس بولۇم پەنلىرىگە ئايرىلىدۇ. ئۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات ۋە كىلنىكنىڭ ئەمەلىياتلىرى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىش ئارقىلىق ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتقان ۋە ھەر قايسى كلىنىك بولۇملەرگە خاس بولغان نەزەرىيە ۋە كلىنىكنىڭ داۋالاش ئىلمى بولۇپ سىستېملاشقان. تۈرپاندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تارىخى ھوججەتلەرگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن 1000، 1400 ژىل ئىلگىرىلا ئۇيغۇر تېۋىپلىرى كېسەللىكلەرنى تېرە كېسەللىكلىرى، كوز كېسەللىكلىرى، قۇلاق، بۇرۇن ۋە بوغۇز كېسەللىكلىرى، چىش كېسەللىكلىرى، ئېرۆغا تەئەللۇق كېسەللىكلەر، نەپەس ئېلىش ئەزا كېسەللىكلىرى، ژۇرەك كېسەللىكلىرى، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ھەر تۈرلۈك ئىچكى كېسەللىكلەر، سۈيدۈك يولى ۋە جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى، جەراسىم (مىكروب، ۋىرۇس) كېسەللىكلىرى ۋە تازىلىق، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى نەسىھەتلەر قاتارلىق 12 چوڭ تۈرگە ئايرىغان. يەنە بىر ژۈرۈش مۇقىم دورا ئۆلچەملىرى بولغان. بۇ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ مۇندىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا خېلە ژۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى، مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئادەم بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرگە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھاياتلىققا دايىم زىچ تەسىر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە كورسىتىدۇ.

«ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى»دىن تەييارلىغان يادىكار سابىتىي.

دانالار سالامەتلىك ۋە ئاغرىق - سىلاق توغرىلىق

* كوپ يېگۈچىلەرنىڭ تامىغى دەرد بولىدۇ، تامىغى دەرت بولغان كىشى دايىم كېسەلچان بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

* كوڭۇل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ساقلىقتۇر. بەدەنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ساغلاملىقنىڭ بۇزۇلۇشى كوڭۇلنىڭ ساغلاملىقى بۇزۇلۇشىغا باغلىقتۇر. مەملىكەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خاراب بولۇشى پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىم بولۇشىغا باغلىق، پادىشاھ مەملىكەتتىن ئىبارەت بەدەنىنىڭ جېنىدۇر، كوڭۇل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر. ئەلشىر ناۋائىي.

* ساقلىقنى خالىساڭ كوپ يېمە، ئىززەت خالىساڭ كوپ دېمە. ئەلشىر ناۋائىي.

* كېلىنگنى كۈزەتسەڭ، بېشىڭغا پايدىلىق، ئاشنى ئاز يېسەڭ، ئىڭىزىڭغا لەززەتلىك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ

* نەزەر سال، كوپ يېگەن كىشى كېسەلچان بولىدۇ، چىرايى سېرىق، ماغدۇرسىز، ئېتىبارى يوق بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

* ئېسەنلىكنى تىلىسەڭ، كېسەلسىز بول. «ئاز» ناملىق دورىنى يېگىن، ساق ياشىغىن، ئەي بەگزاد، ھالاۋىتى ئۇزۇن خاتىرجەملىكنى تىلىسەڭ، «تىل» ناملىق گوشنى يېگىن، ساق ياشا، ئەي زات. يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

* بىمارلار باشقا دىندا بولسىمۇ، ئۇنى يوقلاشقا تېگىشلىك... دوست - يارەنلىرىڭ كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇلارنى يوقلاپ، ھال سورا، ئامما، ھال سوراشنى بىر كېسەلگە ئالاھىدە قىلما، بىمارنىڭ ئالدىغا كىرگەندە چىرايىڭنى ئوچۇق تۇت، دىلكەشلىك، ئۇلپەتچىلىك ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىل، يېڭى كىيىم بىلەن كىر، كىر كىيىم بىلەن كىرمە، كۈلۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتار. موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي.

* ئەگەر ئۇزۇن ئومۇر كورۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار، ئومۇتۋار بولۇڭلار ۋە جېنىڭلارنى ئاياپ ئولۇمدىن قورقىدىغان قىلىقلارنى قىلماڭلار، شۇنداق بولغاندا ئىززەت، دولەت سەرمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىلەر. ئۇلۇقلۇق ئىككى نەرسىدە بولىدۇ، بۇنىڭ بىرى، ياخشى نام قالدۇرۇپ، دۇنيادىن كەتمەكلىكتە، يەنە بىرى، خالايىققا مەقبۇل بولۇپ، ئومۇر سۈرمەكلىكتە. ئافراسىياپ.

* ئەي ئوغۇل، ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىيدىغان پەرىق شۇكى، مىزاجقا يارىشا يېيىش كېرەك. كىشى قىرىق ژىل ياشاپ، ئۆز مىزاجىنى بىلمىسە، ئېمە دېسە دېسۇن، ئۇ تامامەن ھايۋاندۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

* كىشىگە ئېسەنلىك كېرەك، مال كېمىيىپ قالمايدۇ، قۇش ئۇچقۇن ھايات كېرەك، دان كېمىيىپ قالمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

* بىمار دەردى ئەلەم پەيدا بولغان ۋاقىتتا شۈكۈر قىلغاي، بىراق ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىگەي. بىمار ئۆز گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغاي، دوست ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدىن رازىلىق تىلىگەي، قىرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىگە: «مۇسىبەتكە سەۋىر قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغاي. موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي.

قازاقستاننىڭ قۇراللىق كۈچلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇھتاج

قازاقستاننىڭ قۇراللىق كۈچلىرى 2000 - ژىلى مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدا
كىمدىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەر قانداق خوۋۇپقا زەربە بېرىشقا تەييار تۇرغان
ئىدى،- بۇ توغرىلىق يېقىندا ئاستانادا بولغان مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسىدە قازاقستان
قۇراللىق كۈچلىرى باش شتابى باشلىغىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى گېنېرال - مايور
مالىك سەپەروۋ بىلدۈردى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، م. سەپەروۋنىڭ سوزلىرىگە قارىغاندا، قازاقستاننىڭ قۇرال-
لىق كۈچلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا مۇھتاج.
«يېقىنقى ۋاقىتتا باش شتاب تەرىپىدىن بىر قاتار مۇھىم ۋەزىپىلەر قويۇلدى، ئۇلار-
دىن بىرىنچىسى - ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەر قانداق جايغا يەتكۈزۈلۈشى مۇم-
كىن بولغان ھەرىكەتچان كۈچلەرنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش،- دەپ بىلدۈردى گېنېرال.
قازاقستان جۇمھۇرىيىتى قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ئىككىنچى ۋەزىپىسى، م. سەپەروۋ-
نىڭ تەكىتلىشىچە «جۇمھۇرىيەتنىڭ ھاۋا بوشلۇغى ئۈستىدىن رادىولوكاتسىيە بايقاش
سىستېمىسىنى ئۆۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.»
ئۈچىنچى ۋەزىپە - ھەربىي ئوكرۇگلارنىڭ مەئىشىي تارماقلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈ-
زۈشتىن ئىبارەت.
تورتىنچى ۋەزىپە - ھەربىي تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن (بىرىنچى نۆۋەتتە،
ئالاقىنىڭ رەقەملىك ۋە ئويتىكا - تالىلىق سىستېمىلىرىغا كوچۇشتىن) ئىبارەت.
بەشىنچى ۋەزىپە - قازاقستان قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ئابرويىنى ئوستۇرۇش بويىچە
چارە - تەدبىرلەرنى ژۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.
شۇنىڭ بىلەن گېنېرال م. سەپەروۋ: «قازاقستان قۇراللىق كۈچلىرى ئېھتىمالى جە-
نۇبتىن بولۇشى مۇمكىن بولغان خوۋۇپقا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن». -
دەپ بىلدۈردى.
2001 - ژىلغا بەلگۈلەنگەن بيۇدژېتتا قۇراللىق كۈچلەرنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن
25 مىللىارد تەڭگە ئاجرىتىلغان،(ئىشلەپ چىقىرىلغان ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 1 پائى-
زى)،2000 - ژىلى قۇراللىق كۈچلەر بيۇدژېتتىن مالىيە بىلەن تەمىنلىنىشى 17 مىل-
لىارد تەڭگىنى تەشكىل قىلغان ئىدى.

قازاقستان تۇدىيى.

ئاۋغانىستاندا ئۇلۇم جازاسى جارىي قىلىندى

«تالىپلار» رەھبەرلىكى ئاۋغانىستاندا
ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ باشقا دىننى
قوبۇل قىلغانلار، شۇنداقلا مەملىكەت ئۆ-
ۋەسىدە مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيانلىققا
تەرغىب قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۇلۇم جا-
زاسىنى جارىي قىلدى. كابۇلدىن ئېلىن-
غان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ ھەقتە «شە-
رىئەت» رادىوسى ئارقىلىق «تالىپلار»ھە-
رىكىتىنىڭ رەھبىرى موللا مۇھەممەد ئۆ-
مار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. باشقا دىنى-
لار، جۈملىدىن خىرىستىئان ۋە ئىيۇدائىزم
دىنلىرى» موللىنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا،
«مۇسۇلمانلارنى ئېزىقتۇرۇپ، ئىسلامنىڭ
پاكلىقىغا داغ چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا».
دەپ خەۋەر قىلىدۇ ئىنتار - تاس ئا-
گېنتلىقى. ئىلگىرى تالىپلار ئاياللارنىڭ
ئىشلىشىنى،ئەندى 8 ياشقىچە بولغان قىز-
لارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىنى مەنئى قىل-
غان ئىدى.

خاتىرە

ئۇ - ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ياشىغان

ئۇيىمىزنىڭ تۆۋرىگى، كويۇمچان ئاتا،
شائىر ۋە ژۇرنالىست ئىۋرائىم باراتنىڭ ۋا-
پات بولغىنىغا بىر ژىل تولدى.
بىز ئۈچۈن قەدىرلىك ئاتىمىز ئىۋرائىم
بارات ياشلىغىدىن تارتىپلا ئوز خەلقىنىڭ
ئازاتلىغى، مۇستەقىللىغىنى ئارمان قىلغان
ۋە بۇ يولدا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان
ئىنسان ئىدى. 1944 - ژىلى دادىمىز-
نىڭ «ئاتىسكەن تاڭ» ناملىق شېرىدا:
ئاقار دەريا سۇلىرى،
دولقۇن ئۇرۇپ ئۇن قاتماس.
ژۇرگىمگە دەرت تولدى،
قاچانغىچە تاڭ ئاتماس.
دەپ يازغان ئىدى.
ئاز ئوتمەستىن، ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ
ئۈچ ۋىلايىتىدە ھەقىقەتەنمۇ مۇستەقىللىق
تېڭى ئېتىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇ-
رىيىتى قۇرۇلدى. دادىمىز ئەينە شۇ
1944 - ژىلى پارتلىغان مىللىي - ئازات-
لىق ھەرىكەتكە ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ
بىرىدۇر.
1949 - ژىلى قىزىل خىتاي كوممۇ-
نىستلىرى ئالدامچىلىق بىلەن ۋەتىنىمىزگە
كىرىۋالغاندا، ئاتىمىز ئالتاي ۋىلايىتىدە مە-
دەنىيەت ساھاسىدا ئىشلەۋاتاتتى. كېيىن-
رەك ئۇرۇمچى شەھىرىگە چاقىرتىلىپ،
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە،
بىر ئاز ۋاقىت شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل
ئانسامبىلىدا ۋە باشقىمۇ مەسئۇل خىزمەت-
لەردە ئىشلىدى.
قازاقستان دىيارىغا كوچۇپ چىققاندىن
كېيىن سودا ساھاسىدا ئىشلەش بىلەن بىل-
لە ئىجادىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى.
ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھا -
يات» گېزىتلىرىدا ھەر خىل ماۋزۇلارغا
بېغىشلانغان ماقالىلىرى ۋە كوپلىگەن شې-
ئىرلىرى بېسىلدى. شۇنداقلا 1996 - ژى-
لى «كەچ كۈز» ناملىق كىتاۋى نەشر قى-
لىندى.
مەرھۇم ئاتىمىز چوڭ ئارزۇ - ئارمانلار
بىلەن ياشىغان، ئوز خەلقىنىڭ ئىستىقلا-
لىيىتىنى ئارزۇ قىلغان ئىنسان ئىدى.
سىزنىڭ بۇ ئارمانلىرىڭىزغا ئىلاھىم بىزگە
يېتىش نېسىپ بولىدۇ، دەپ ئۇمۇت قى-
لىمىز.

رەپىقىسى ۋە پەرزەنتلىرى.

روسسىيەگە قەرز پۇل بېرىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس



«ستىپەننىڭ ئوزى مەبلەغنى
مەخسەتكە مۇۋاپىقسىز پايدىلىنىش-
نى رەغبەتلەندۈرىدىغان مەملىكەتكە قە-
رز بېرىش توغرا بولامسا كېرەك. بىز روس-
سىيە ئۈچۈن كرېدىت يولىنى ئېچىپ،
تىجارەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چاپسان-
لىتىشنى ۋە بازار ئىقتىسادىنى ئۆزگەرتىشكە
كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان ئىدۇق. لې-
كىن بۇ مەخسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش تې-
خىچە مۇمكىن بولمىدى». بى بى سى ئا-
گېنتلىقى ئا ق ش پرېزىدېنتى جورج بۇش-
نىڭ «نىيۇ - يورك تايمس» گېزىتىگە
بەرگەن ئىنتېرۋيۇسىدىن موشۇ نەقىلنى
كەلتۈرگەن. ج. بۇش ۋلادىمىر پۇتىن پار-
خورلۇققا خاتىمە بېرىپ، بىر قاتار مىقىياس-
لىق ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى ئۆتكۈزۈ-
شى كېرەك. روسسىيە فېدېراتسىيەسىنى ما-
لىيە جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەشنى تو-
لۇق توختىتىشنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقى-
غا ئىشارە قىلغان. ئوتكەن ژىلى نويابىردا
«كوممېرسانت دېيلى» ژۇرنالى روسسى-
يە فېدېراتسىيەسىنىڭ 1998 - 2000 -
ژىللىرى ئۈچۈن پارىژ كلۇبىغا (بۇنىڭغا بىر
نەچچە غەرب دولەتلىرى ئىرا) بولغان قە-
رىزىنى تولەش مەسىلىسىدە يوز بەرگەن
ۋاقەنى ئەسلىدى. 2000 - ژىلى يازدا
ئا ق ش كونگرېسى قەرزىنى سەل كىچىك
ئوزۇپ تولەش ھەققىدىكى كېلىشىمنى
بېكار قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا
ۋەزىيەتنى پرېزىدېنت كلىنتوننىڭ ئارىلى-
شىشى بىلەن ئىجابىي ھەل قىلىش مۇ-
مكىن بولغان ئىدى. روسسىيە فېدېراتسى-
يەسى ھوكۈمىتىدىكى مەنبەنىڭ خەۋەر
قىلىشىغا قارىغاندا، «ج. بۇشنىڭ ھاكىمى-
يەت ئۈستىگە چىقىشى، سوزسىز، پارىژ
كلۇبى بىلەن بولىدىغان مۇزاكىرەلەرنىڭ
بۇزۇلۇش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن
بۇ بىز ئۈچۈن جىددىي زەربە بولمايدۇ. بۇ
پەقەتلا باشا چاققاندەك بىر ئىش، خالاس».
ئۇۋولتنىڭ تەكىتلىشىچە، مۇنداق خەتەر
مەملىكەتنىڭ ئاساسلا 2001 - ژىل بيۇد-
ژېتىغا پىلانلانغان قوشۇمچە كىرىملەر تۈز-
لىدۇ.

(ن س ن ئاگېنتلىقى.)

روسسىيە بىلەن خىتاي ئاق ش نىڭ مۇداپىەسىنى سۇندۇرۇشقا تەييار

ئاپ ن ئاگېنتلىغى ئالدىن - ئالا پەرەز
قىلغىنىدەك، روسسىيە بىلەن خىتاي ئە-
گەر ئاق ش تا راكېتىغا قارشى مۇداپىە سىس-
تېمىلىرى ئۆۋج ئالدۇرۇلغان تەغدىردە قان-
داق بىرلەشكەن ھەرىكەتلەرنى قىلىش
توغرىلىق مۇزاكىرىلەرگە كىرىشىش ئالدىدا
تۇرىدۇ.
شۇنى ئەسلىتىپ ئوتۇش ئورۇنلۇقكى،
ئوتكەن ژىلى ئىيۇلدا ۋلادىمىر پۇتىننىڭ
خىتايغا قىلغان سەپىرى ۋاقتىدا ئا ق ش
نىڭ راكېتىغا قارشى مۇداپىە دولەت سىس-
تېمىسىنى ئۆۋج ئالدۇرۇشقا قارشى قار-
ىتىلغان بىرلەشكەن دېكلاراتسىيە ئىمزالان-
غان ئىدى. ئا پ ن ئاگېنتلىغىنىڭ مەلۇ-
ماتلىرىغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن ھەر ئىككى
تەرەپ ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەشەببۇسىغا
جاۋابەن، روسسىيە فېدېراتسىيەسى بىلەن
خ خ ج راكېتىغا قارشى مۇداپىەنىڭ بىر-
لەشكەن سىستېمىسىنى قۇرۇشى مۇمكىن،
دەپ كېلىشكەن.
ئەندى، ئا ق ش نىڭ يېڭى پرېزىدېن-
تى راكېتىغا قارشى مۇداپىەنىڭ دولەت
سىستېمىسىنى قۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كې-
چىش نىيىتىدە ئەمەس ئىكەنلىكى ئو-
زۇل - كېسىل روشەنلەشكەندە، روسسىيە
بىلەن خىتاي ئېنىق قەدەملەرنى تاشلاش-
قا كىرىشتى، ئۇ ئامېرىكىنىڭ بۇ تەشەببۇ-
سىغا مۇناسىپ جاۋاپ بېرىشكە ئىمكانى-
يەت بېرىدۇ.
فېۋرالنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنلىگىدە
موسكۋادا بېجىنىڭ روسسىيە فېدېراتسى-
يەسىدىن ئۆزۈللارنىڭ يېڭى سىستېمىلى-
رىنى سېتىۋېلىش مەسىلىسى بويىچە
روسسىيە - خىتاي مۇزاكىرىلەرى، شۇن-
داقلا ئەگەر ئا ق ش تا راكېتىغا قارشى مۇ-
داپىە دولەت سىستېمىسى ئۆۋج ئالدۇرۇل-
غان تەغدىردە ئىككى مەملىكەتنىڭ بىر-
لىشىپ تاشلايدىغان قەدەملىرىنى كېلى-
شىش بويىچە مەسلىھەتلەر بولۇپ ئوتى-
دۇ. بۇ توغرىلىق ئاپ ن ئاگېنتلىقىغا ھەر-
بىي - دىپلوماتىك مەنبەلەردىن مەلۇم
بولدى.
مۇزاكىرىلەرنىڭ ئاساسىي پۇنكتى ۋا-
شىنگتون تەرىپىدىن راكېتىغا قارشى مۇ-
داپىە دولەت سىستېمىسىنى ئۆۋج ئالدۇ-
رۇشنى باشلىغان تەغدىردە بىرلىشىپ
ھەرىكەت قىلىشنى كېلىشىشتىن ئىبارەت
بولىدۇ. ئا پ ن مەنبەلىرىنىڭ تەكىتلىشى-
گە قارىغاندا، روسسىيە خىتاينىڭ قىتئەلەر
ئارا باللىستىكلىق راكېتىلىرىغا ئاق ش نىڭ
راكېتىغا قارشى مۇداپىەسىنىڭ مەۋجۇت
ۋە ئىستىقبالدىكى سىستېمىسىنى ئۆتۈۋ-
لۇق يېڭىشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان تېخ-
نولوگىيەلەرنى خ خ ج غا بېرىش ئىمكانىيە-
تىنى ئويلاشماقتا. بۇ يەردە سوز ريال ۋا-
قىتتا، راكېتىنىڭ ئۇچۇش سىستېمىسى توغرى-
لىق ئاگاھلاندۇرۇش سىستېمىلىرى توغرى-
لىق كېتىپ بارىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا خى-
تاينىڭ ھەربىي - سانائەت كومپلېكسى
بۇ خىلدىكى تېخنولوگىيەلەرگە ئېگە ئە-
مەس.
ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ نەتى-
جىلىرىگە قارىغاندا، روسسىيەنىڭ ستراتې-
گىيەلىك مەخسەتلەر ئۈچۈن بەلگۈلەنگەن
راكېتا ئەسكەرلىرىنىڭ جاۋاپ زەربىسى
ئامېرىكىلىقلارغا ھەتتا راكېتىغا قارشى مۇ-
داپىەنىڭ ئىستىقباللىق ۋاستىلىرى بىلەن-
مۇ ريال ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھەربىي بلوك-
لارنى كاپالەتلىك يوق قىلىشقا ئىمكانى-
يەت بەرمەيدۇ. ئەگەر بېجىن روسسىيە-
نىڭ يېڭى ھەربىي تېخنىكىسىنى ئالىدى-
غان تەغدىردە خىتاينىڭ قىتئەلەر ئارا را-
كېتىلىرىنىڭ خېلە كوپ قىسمى شۇنداقلا
ئا ق ش تەۋەسىدىكى نىشانلارغا كاپالەت-
لىك ھالدا يېتەلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ،
قارشى تەرەپ راكېتىغا قارشى مۇداپىە
دولەت سىستېمىسىنى ئۆۋج ئالدۇرغان
شارائىتتىمۇ، خ خ ج نىڭ ستراتېگىيەلىك
كۈچلىرى يادرو ھۇجۇمىنى توختىتىش
بويىچە ئىمكانىيەتنى ساقلاپ قالالايدۇ،
بۇ بولسا ستراتېگىيەلىك تۇراقلىققا ئىمكان-
يەت بېرىدۇ.

(ئا پ ن).

بىن لادىن دىپلوماتىك كوزىرغا ئايلانماقتا

ئاۋغان تالىپلىرى ئا ق ش نىڭ يېڭى
رەھبەرلىكى بىلەن مۇزاكىرىلەرنى ژۈرگۈ-
زۈشكە ۋە ۋاشىنگتون بىلەن نورمال مۇنا-
سىۋەتلەرنى ئورنىتىشقا تەييار ئىكەنلىكى
توغرىلىق بىلدۈردى. «ئازاتلىق» رادىوسى-
نىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، تالىپلار
تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ رەھبىرى
ۋەكىل ئاخمېد مۇتا ۋەكىلنىڭ تەكىتلىشى-
چە، نيۇ - يوركتا «تالىپلار» ۋەكىلى بار،
ئۇنىڭغا جورج بۇش مەمۇرىيىتى بىلەن ئا-
لاقە ئورنىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان.
مۇتاۋەكىل تالىپلار خەلق ئارا تېررورىست
ئۇساما بىن لادېننى بېرىۋېتىش نىيىتىدە
ئەمەس، چۈنكى بىن لادېننىڭ ئەيىۋى
ئىسپاتلانمىغان، ئەندى ئۇ ئاۋغانىستاندا
مېھمان سۈپىتىدە تۇرىۋاتىدۇ، ئۇنى ۋاشىن-
گتون ئا ش ق قا نىسبەتەن بىر قاتار تېر-
رورلۇق ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىدا
ئەيىپلىمەكتە. تالىپلار ۋەكىلى ئا ق ش بى-
لەن روسسىيە فېدېراتسىيەسىنى ئاۋغانىس-
تاندىكى گۇمانىتارلىق ھالاكەتنىڭ ئەيىپ-
كارلىرى دەپ ئاتىدى، چۈنكى موشۇ مەم-
لىكەتلەرنىڭ تەشەببۇسى بويىچە تالىپلار-
غا قارشى جازا چارىلىرى كۈچەيتىلگەن
ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇتاۋەكىل مۇ-
سۇلمان مەملىكەتلىرىنى ئاۋغانىستانغا يار-
دەم بېرىشكە چاقىردى، دەپ خەۋەر قىل-
دۇ ر ئى ئا ئاگېنتلىغى.

خرۇششېۋنى ئورنىدىن ئېلىشقا پائال ئىشتىراك قىلغانلارنىڭ بىرى ۋاپات بولدى

«ئېخو موسكۋى» رادىوسىنىڭ خەۋەر قى-
لىشىغا قارىغاندا، س س س ر دولەت بې-
خەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى
ۋلادىمىر سېمىچاستنىي مېيىسكە قان كې-
تىپ ۋاپات بولغان. 1958 - 1959 -
ژىللىرى سېمىچاستنىي ۋ ل ك س م مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى بو-
لۇپ ئىشلىگەن. 1961 - ژىلدىن 1967 -
ژىلغىچە ئۇ س س س ر مىنىسترلار كېڭە-
شى ھوزۇرىدىكى دولەت بېخەتەرلىكى
كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن.
سېمىچاستنىي 1964 - ژىلى ئوكتەبىردە
نىكىتا خرۇششېۋنى ك پ س س مەرك-
ىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىۋى ۋە
س س س ر مىنىسترلار كېڭىشىنىڭ رە-
ئىسى لاۋازىملىرىدىن ئېلىپ تاشلاشقا پا-
ئال ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپى-
تىدە تارىخقا كىرگەن. «فىگورى ئى لىت-
سا» ژۇرنالىغا بەرگەن ئىنتېرۋيۇسىدا سې-
مىچاستنىي خرۇششېۋنىڭ ئېلىپ تاشلى-
نىشى توغرىلىق ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ ئو-
كۇنمىگەنلىكىنى، لېكىن «ئىككى - ئۈچ
ژىلدىن كېيىن برېژنېۋنى تاللاشتا خاتا-
لاشقانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغان ئې-
دۇق»،- دەپ بىلدۈرگەن ئىدى. 1967 -
ژىلى لېونىد برېژنېۋ سېمىچاستنىينى
س س س ر دولەت بېخەتەرلىكى كومىتې-
تىنىڭ رەئىسى لاۋازىمىدىن ئىستىپاغا
چىقىرىپ، ئۇنى ئۇكرائىنا س س ر مىنىس-
ترلار كېڭىشى رەئىسىنىڭ بىرىنچى ئو-
رۇنباسارى لاۋازىمىغا يوتكىدى. ئۇنىڭ
ئورنىغا دولەت بېخەتەرلىكى كومىتې-
تىنىڭ رەھبەرلىكى لاۋازىمىنى يۇرىي ئاند-
روپوۋ ئېگىللىدى. 2001 - ژىلى 1 - يان-
ۋاردا سېمىچاستنىي 77 ياشقا كىرگەن
ئىدى.

(ن س ن ئاگېنتلىغى.)

باش مۇھەررىر
ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئىيەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت،
813 - خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى -
جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن
«ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1450 زاكاز 9698

تېلېفون:
33 - 84 - 59

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.